


# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

● بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ پارلاق كەلگۈسى يارىتايلى

● يېزا خوجىلىقىدىكى ئەنئەنىۋازلىق ۋە ئۇنىڭ تەسىرى توغرىسىدا

● قاۋاننى يوقىتىۋاتقان «ۋۇسۇڭ»

● كۆڭۈللەر باھار بولسۇن كۆڭۈللەرگە

3 '99



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى



مۇدىر هامىدىن نىياز يىغىننىڭ سايلام خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى



ھەيئەت رىياسەتتىكى ۋەكىللەر سايلام بېلەتتىنى ئەستايىدىل تولدۇردى

## ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ سايلام خىزمىتىدىن

# سۈرەتلىك خەۋەرلەر



ۋەكىللەر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى بېلەت تاشلاپ سايلىدى

ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. جايلاردىكى ئوبلاستلىق، شەھەرلىك (ناھىيىلىك) خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى



ۋەكىللەر سايلام بېلەتتىنى ئەستايىدىل تولدۇردى



يىغىن مەيدانى



يېڭىدىن سايلانغان ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مەھەممەت روزى ۋەكىللەرگە رەھمەت ئېيتتى

ۋاڭ شىنىڭ فوتوسى

# بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ پارلاق كەلگۈسى يارىتايلى

## ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

ھاياتى كۈچكە تولغان يولۋاس يىلىنى ئۇزىتىپ، خەيرلىك توشقان يىلىنى كۈتۈۋېلىۋاتقان پەيتتە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تولۇپ تاشقان سىياسىي قىزغىنلىقى ۋە پۇختا قەدەملىرى بىلەن 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە، غەيرەتكە كېلىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە تىرىشىپ، بۇ يىللىق تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنداشتەك ئەلا نەتىجىلىرىنى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا سوۋغا قىلدى.

بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز بېكىتكەن ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 8%، بۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قايتا - قايتا تەتقىق قىلىشى ۋە قاتتىق ئويلىنىشى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ قايتا - قايتا قاراپ چىقىشى ئارقىلىق بېكىتىلگەن. بۇ سۈرئەت ئالدىنقى يىللاردىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۆتكۈزۈشلۈك ئىشقا ئاشۇرۇشتا ۋەزىپە ئىنتايىن مۈشكۈل. ۋەكىللەرنىڭ مۇزاكىرىدە ئېيتقىنىدەك، بولتۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈۋرۈك كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇنى چەكلىگەن ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى ھازىر ياخشىلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ ياماراش، كۈچىيىش ۋەزىيىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكسپورت ۋەزىيىتى تېخىمۇ قىيىن بولىدۇ. ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش تېخىمۇ كۆپ چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. بۇ قىيىن شارائىتتىن قۇتۇلۇپ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپ بويىچە، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى، 15 - قۇرۇلتاي 3 - ئومۇمىي يىغىنى، مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى ۋە يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەش، بۇ قېتىمقى يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان ۋە ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا بېكىتىلگەن بۇ يىللىق ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىيات نىشانى ۋە مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قارىتا، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى (خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتلىرى) قۇرۇلتاينىڭ قارارى بويىچە، خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، تۈرلۈك نىشاننىڭ ئۆتكۈزۈشلۈك ئىشقا ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى غەلىبىلىك ئورۇندىشى لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە، يەرلىك قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈش، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداشتا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغانلىرىنى ئاۋۋال تۈزۈش، شەكىللىۋازلىق قىلماسلىقى، ئەمەلىي بولۇشى، ئەمەلىيەت جەريانىدا تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈشى، قانۇنچىلىق ئارقىلىق تۈرلۈك ئىشلارنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە تۈرتكە بولۇشى لازىم. نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشتە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا، مەمۇرىي، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىگە، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارغا بولغان نازارەتچىلىكنى ھەقىقىي ياخشىلىشى ۋە كۈچەيتىشى لازىم. نازارەتچىلىك خىزمىتىدە سۈپەت ۋە ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشى، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشى، ھەر يىلى شۇ جايغا نىسبەتەن تەسىرى كۈچلۈك بولغان بىر قانچە ئىشنى تۇتۇشى، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشى، كۆزدىن كەچۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، ئۇنى چىڭ تۇتۇشى، ئۈنۈمىنى كۆرۈشى كېرەك. قارار قىلىش ھوقۇقى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار خەلق قۇرۇلتىيىغا بەرگەن مۇھىم ھوقۇقلارنىڭ بىرى، خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرغانلىقىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى.
ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى بولۇپمۇ ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى پائال ئىزدىنىپ، دادىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى، جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، چوڭ - چوڭ ئىشلارنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى بېكىتىشى، قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم. قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ رەھبەرىي كادىرلارنىڭ قانۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ قانۇن سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، نۆۋەتتە يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىش، ئاساسىي قاتلامدىكى بىر قىسىم كادىرلار ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قانۇنچىلىق قارىشى ئاجىز بولۇش مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى ئازايتىش ۋە ئۇنى توسۇش كېرەك. خەلق ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋەكىللەرنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ، ۋەكىللەرنى «ۋەكىللەر قانۇنى»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللىشى، شىنجاڭدىكى 60 مىڭدىن ئارتۇق ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئاپتونوم رايوننىڭ تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مەجبۇرىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلدۇرۇشى، رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

21 - ئەسىر كىرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، يېڭى ئەسىردە يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىمىز. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىنىڭ تۈرلۈك قارارلىرى بويىچە، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، پىكىر قىلىش يولىنى ئېچىپ، ھەم شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى پايدىلىق شارائىتنى، ئۆزىدىكى ئەۋزەللىكنى ۋە چوڭ ياخشى پۇرسەتنى كۆرۈشى، ھەم ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە پايدىسىز ئامىللارنى تولۇق مۆلچەرلىيەلىشى، ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ روھنى ئۇرغۇتۇپ، ھەممە بىر نىيەت بىر مەقسەتتە باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلىگەندىلا، بارلىق قىيىنچىلىق توسالغۇلارنى يەڭگىلى، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشىدا پارلاق نەتىجىلەرنى ياراتقىلى، پارلاق يېڭى ئەسىرگە مەردانە قەدەم بىلەن كىرگىلى بولىدۇ.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

(ئايلىق ژۇرنال)
1999 - يىل 3 - سان
(ئومۇمىي 192 - سان)
(19 - يىل نەشرى)
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى تەھرىراتى نەشر قىلدى
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
تەھرىرات باشلىقى: ئەنۋەر غولام
باش مۇھەررىر: لەن شۆبى
مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى



چىلان لۇ ۋاڭخاۋ فوتوسى

ئوبزور بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ پارلاق كەلگۈسى يارىتايلى ..................
.................................................. ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى (1)
رەھبەرلەرنىڭ سۆزى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى-
نىڭ خىزمەت دوكلاتى .................................... ھامىدىن نىياز (4)
مۇھىم قارار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2
- يىغىنىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات توغرىسىدىكى قارارى .................. (18)
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق
يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارارى ................ (20)
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارارى .................. (20)
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ
1998 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى ھەم 1999 - يىللىق پىلان
لايىھىسى توغرىسىدىكى قارارى ........................................ (21)
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ ئاپتونوم رايون
دەرىجىلىكنىڭ 1998 - يىللىق خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە 1999 - يىللىق خام چوت لايىھىسى توغرىسىدىكى
قارارى .................................................... (21)
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارارى.............. (22)



چۆلدىكى ھايانلىق    لۇ ۋاڭخاۋ فوتوسى

ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
CN65 — 1166/D
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830002

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 10 ـ قورۇ

تېلېفون: 2822065 ئارقىلىق 63911

**يىغىندىن خاتىرە** ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈ-
رەيلى ........................................ (24)
قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرەيلى ...... (38)
**بىلىم كۆزنىكى** يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۇ-
چۇن ئوقۇشلۇق ........................................ (48)
**مۇلاھىزە** يېزا خىزمىتىدىكى شەكىللۋازلىق ۋە ئۇنىڭ تەسىرى توغرىسىدا ............
........................................ يالقۇنجان ياقۇپ (56)
**باشلامچىلار** قاۋاننى يوقىتىۋاتقان «ۋۇسۇك» ............... تۇرغۇنجان ئىمىن (58)
**تارىختىن سۆز** چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى ......
........................................ تۆمۈر ھەسەن (59)
**بىلىۋېلىڭ** پۇقرالارنىڭ يېشى ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى ...
........................................ خۇاڭ شىشيۇ (63)
**ئەتىرگۇل** كۆكۈللەر باھار بولسۇن كۆكۈللەرگە ........................
........................................ باتۇرجان ئاتىخان (تاجىك) (64)
پەرزەنتىنىڭ بۇرچىدۇر شۇنداق مۇقەددەس ........................ (64)
مەن سەھراغا تاشلىدىم قەدەم........................ (64)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا بېرىلگەن

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى **ھامىدىن نىياز**



ۋەكىللەر:

مەن ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بېرىمەن، قاراپ چىقىشىڭلارنى سورايمەن.

1998 - يىلى پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلغان تۇنجى يىل، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىمىز خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغان تۇنجى يىل. بىر يىلدىن بۇيان دائىمىي كومىتېتىمىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىنىڭ قارارلىرى بويىچە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى يېقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش،

ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش جەھەتتە يېڭى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىغا خاس رولىنى جارى قىلدۇردى.

**1. قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى**

دائىمىي كومىتېتىمىز دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش قەدىمى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى ئاكتىپ ئىشلىدى. بىر يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ مۇدىرلار يىغىنى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سۇنغان 14 يەرلىك نىزام لايىھىسىنى قاراپ چىقتى، بۇنىڭدىن يەتتىنى ماقۇللىدى، ئىككىنى تەستىقلىدى، بىرنى بىكار قىلدى، تۆتنى يەنە داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىپ دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ. خىزمەت كومىتېتلىرىمىز مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تاپشۇرغان يەتتە قانۇن لايىھىسى ئۈستىدە پىكىر ئېلىش خىزمىتىنى ئورۇندىدى.

دائىمىي كومىتېتىمىز ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىشنى داۋاملىق ھالدا قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارغا مايىل بولۇش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى تېزلەشتى، بىناكارلىق ئىشلىرى تېز راۋاجلاندى. بىناكارلىق بازىرىنى باشقۇرۇش ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش ئۈچۈن، دائىمىي كومىتېتىمىز بىناكارلىق بازىرىنى باشقۇرۇش نىزامىنى تۈزۈپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدىكى ھۆددىگەرلىك، ۋاسىتىچىلىك، سۈپەت ۋە بىخەتەرلىك قاتارلىق جەھەتلەردە كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىناكارلىق بازىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. يول ترانسپورتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ، دائىمىي كومىتېتىمىز يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش نىزامىنى تۈزۈپ، يولۇچى ۋە يۈك توشۇش، تاشقى ترانسپورت ۋە شوپۇرلارنى تەربىيىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا بىرلىككە كەلگەن، ئېچىۋېتىلگەن، رىقابەتلىك، تەرتىپلىك يول ترانسپورت بازىرى بەرپا قىلىشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرىدۇ، تىجارەتچىلەر ۋە مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ، ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقى ئىنتايىن مول ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ساياھەتچىلىك شىنجاڭدا 3 - كەسىپ بويىچە ھەممىدىن تېز راۋاجلانغان ۋە جانلانغان كەسىپلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. دائىمىي كومىتېتىمىز تۈزگەن ساياھەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەت بايلىقىنى قوغداپ ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ساياھەت بازىرى ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ساياھەتچىلىكنى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ يېڭى نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دائىمىي كومىتېتىمىز ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك نىزامى يولغا قويۇلغان 5 يىلدىن بۇيانقى خىزمەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىنى نازارەت قىلىش نىزامىنى تۈزۈپ، نازارەتچىلىك مەزمۇنى، دائىرىسى، ئۇسۇلى، تەرتىپى ۋە قانۇن جاۋابكارلىقىنى كونكرېت بەلگىلىدى، بۇ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشىدا ئىجابىي رول ئوينايدۇ. دائىمىي كومىتېتىمىز تۈزگەن ئاپتونوم رايونىنىڭ گۇۋاھلىق نىزامى گۇۋاھلىق تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ماجىرانىڭ ئالدىنى ئېلىش، دەۋانى ئازايتىش، قانۇنلۇق تىجارەت ۋە ئادىل رىقابەتنى قوغداشقا پايدىلىق. دائىمىي كومىتېتىمىز يەنە ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش نىزامى، «قىزىل كرېست جەمئىيىتى قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى.

دائىمىي كومىتېتىمىز قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە ئىسلاھات روھىنى گەۋدىلەندۈردى، ئومۇمىيلىقىنى نەزەردە تۇتتى. بازار ئارقىلىق تەڭشىلىدىغان ئىشلاردا ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ مىكرولۇق باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئىمكانقەدەر ئاجىزلاشتۇرۇپ، ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش ۋە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىنىمۇ قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇپ، ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى بىرلىككە كەلتۈردى. دۆلەتنىڭ

بىر پۈتۈن مەنپەئەتى ۋە پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ھەم باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىدى، تارماقلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتنى نامۇۋاپىق كېڭەيتمۇۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. نىزاملارنىڭ سۈپىتى ۋە قوللىنىشچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، تەكشۈرۈپ دەللىلەش ۋە كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىشقا ئەھمىيەت بەردى. چېتىشلىق دائىرىسى كەڭرەك، تەگىشەش دائىرىسى چوڭراق نىزاملار ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. تولۇق مۇزاكىرە قىلىش ۋە تۈزىتىشكە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، مۇھىم نىزام لايىھىلىرىنى ئۈچ قېتىم قاراپ چىقتى.

## 2. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئۈنۈمى خېلى كۆرۈنەرلىك بولدى

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، دائىمىي كومىتېتىمىز قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويدى. بىر يىلدىن بۇيان، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى قانۇنى، مەمۇرىي جازا قانۇنى، مەمۇرىي دەۋا قانۇنى، مۇھىت ئاسراش قانۇنى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى، ئارخىپ قانۇنى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي، كەسپىي ھەق ئېلىشنى باشقۇرۇش نىزامى قاتارلىق قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى، تەكشۈرۈشتە مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈردى، خىزمەتنى چوڭقۇر ئىشلىدى، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرىنى ئىجرا قىلىش، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ۋە ئەدلىيە خىزمىتىنى ئادىل ئىشلەش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى پۈتكۈل قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىدە ئىنتايىن ھالقىلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، پۇقرالار ۋە قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە بىۋاسىتە چېتىلىدۇ. مەمۇرىي جازا قانۇنى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي، كەسپىي ھەق ئېلىشنى باشقۇرۇش نىزامىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، نۇرغۇن چىن ماتېرىياللارنى ئىگىلەش ئاساسىدا، دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ مۇدىرلار يىغىنى ۋە 5 - يىغىنى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى. تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، بۇ ئىككى قانۇن، نىزامنىڭ ئىجراسى ئومۇمەن ياخشى بولغان،

ئەمما بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان، ئاساسلىقى مەمۇرىي جازا قانۇنىنىڭ بەزى بەلگىلىمىلىرى ھەقىقىي ئىجرا قىلىنمىغان، مەمۇرىي جازا تۈرىنى ھوقۇقىدىن ھالقىپ بەلگىلەش ئەھۋاللىرى يۈز بەرگەن، كۆپ ساندىكى جايلار جەرىمانە پۇلىنى تاپشۇرۇۋالغۇچى بىلەن جەرىمانە قويغۇچىنى ئايرىمىغان؛ مەمۇرىي، كەسپىي ھەق ئېلىش كۆپ ھەم قالايمىقان بولغان، ئايرىم تارماقلار ھەق ئېلىشتىن قىلغان كىرىمنى كەلسە - كەلمەس تارقاتقان. مۇشۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ھەمدە پۈتكۈل قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى ۋە ئەدلىيە خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، دائىمىي كومىتېتىمىز ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرىنىڭ، ئىككى مەھكىمىنىڭ مەسئۇللىرىنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا قاتناشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتتىن ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، كونكرېت تۈزىتىش - ياخشىلاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. مەمۇرىي ئورگانلار، سوت ئورگانلىرى ۋە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى، ئەدلىيە خىزمىتىنى ئادىل ئىشلىشى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ، خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى ھەققىدە كونكرېت تەلەپلەرنى قويدى. ھۆكۈمەت بۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بۇنى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ياخشىلاش، قانۇن ئىجرا قىلىشتا ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ 6 - يىغىنىدا مەمۇرىي جازا قانۇنى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي، كەسپىي ھەق ئېلىشنى باشقۇرۇش نىزامىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات بېرىپ، قالايمىقان ھەق ئېلىش، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش مەسىلىسىنى قەتئىي ئوڭشاش ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ ۋە ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دائىمىي كومىتېتىمىز تەركىبىدىكىلەرنىڭ ماختىشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى.

پەن - تېخنىكىنى يۈكسەلدۈرۈپ، شىنجاڭنى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش — شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى مۇھىم ئىستراتېگىيە. دائىمىي كومىتېتىمىز تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى قانۇنى

نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى. دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ 4 ـ يىغىنىدا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ھەققىدە پىكىر بېرىلدى. ھۆكۈمەت بۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى كۈچەيتىش — ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي سىجىل تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي تەلىپى، ئۇ شىنجاڭدا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. دائىمىي كومىتېتىمىز مۇھىت ئاسراش خىزمىتىگە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، دائىمىي كومىتېتىمىز تەركىبىدىكىلەر ۋە مۇتەخەسسىسلەر، مۇخبىرلارنى تەشكىللەپ، «98 ـ يىللىق تيانشان مۇھىت ئاسراش ئەسىر سەپىرى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مۇھىت ئاسراش قانۇنى ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى، نۇقتىلىق ھالدا تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئەھۋالى، باغراش كۆلى سۈيىنىڭ بۇلغىنىش ئەھۋالى ۋە ئۈرۈمچىنىڭ ئاتموسفېرا مۇھىتى ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى بولغان تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە سۇ مىقدارى 300 مىليون كۇب مېتىرغا يەتمەي قالغان، 60 ـ يىللاردىكىگە سېلىشتۇرغاندا 800 مىليون كۇب مېتىر ئازلاپ كەتكەن، 320 كىلومېتىرلىق تۆۋەن ئېقىمدا سۇ ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا 20 نەچچە يىل بولغان، قۇملۇقتىكى «يېشىل كارىدور» دەپ ئاتالغان تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى ئېپتىدائىي توغراقلىق ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان؛ مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇ كۆلى بولغان باغراش كۆلىنىڭ سۈيى تۇزلۇق بولۇپ قالغان، بەزى جايلىرىدا سۇ قارىداپ سېسىشقا باشلىغان؛ ئۈرۈمچىنىڭ قىش پەسلىدە ئاتموسفېرا ئوتتۇرا ھال ھەتتا ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىپ، ئاھالىنىڭ سالامەتلىكىگە خەۋپ يەتكەن. دائىمىي كومىتېتىمىز بۇ مەسىلىگە جىددىي قاراپ، ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرىقى جايلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ناچارلىشىۋاتقانلىقىدەك رېئال خەۋپىنى تولۇق تونۇپ، ھەقىقىي ئاقىدىغان تىزگىنلەش پىلانىنى تۈزۈپ، تۈرلۈك خىزمەت تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇھىتنى ئۇنىۋېرسال ياخشىلاش سالمىقىنى ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ۋەكىللەر مۇھىت ئاسراشنى كۈچەيتىش، سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش — دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىتى، كېيىنكى ئەۋلادلارغا بەخت يارىتىدىغان چوڭ ئىش. شۇڭا، دائىمىي كومىتېتىمىز پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ مۇھىت ئاسراش ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇھىت ئاسراش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، مۇھىتقا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق قىلمىشنى توسۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغا گۈزەل مۇھىت يارىتىپ بېرىش يولىدا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشنى مۇراجىئەت قىلىدۇ.

**3. خىزمەت نازارەتچىلىكىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى**

بىر يىلدىن بۇيان دائىمىي كومىتېتىمىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىكى چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەر ھەم خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى يېقىندىن چۆرىدەپ، كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈشكە تەشكىللەش، خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق خىزمەت نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى ۋە مەدەت بەردى.

پىلان ۋە خام چوت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىيات ئومۇمىيىتىگە تاقىلىدۇ. دائىمىي كومىتېتىمىز پىلان، خام چوتنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتتى. دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ 5 ـ يىغىنىدا ھۆكۈمەتنىڭ 1998 ـ يىللىق پىلان ۋە خام چوتنىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكنىڭ 1997 ـ يىللىق ئومۇمىي نەق چوتى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكنىڭ 1997 ـ يىللىق خام چوتنىڭ ئىجراسى ۋە مالىيە كىرىم ـ چىقىمىغا دائىر باشقا ئەھۋاللارنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلغانلىق توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. دائىمىي كومىتېتىمىز ھۆكۈمەتنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەپ، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ۋە مەمۇرىي ئىشلار مەبلىغىگە ئامال قىلىپ كاپالەتلىك قىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان

مالىيە كىرىم ـ چىقىمىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش قاتتىق
بولماسلىق مەسىلىسى ۋە ئىقتىسادىي تەپتىش دوكلاتىدا ئوت-
تۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، ھۆكۈمەتتىن
بۇ مەسىلىلەرنى كەسكىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى
تەلەپ قىلغانىدى. ھۆكۈمەت بۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت
بېرىپ ۋە ئۇنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، دائىمىي
كومىتېتىمىزنىڭ 6 ـ يىغىنىدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك-
نىڭ 1997 ـ يىللىق مالىيە نەق چوتى ئەھۋالى توغرىسىدا
قوشۇمچە ئىزاھات بەردى ھەمدە تۈزىتىش ـ ياخشىلاش تەد-
بىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ مۇ-
دىرلار يىغىنى ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 ـ يىللىق مالىيە
خام چوتىنىڭ تۈزۈلۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى
ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، بۇ قېتىمقى يىغىندا مالىيە خام
چوتىنى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاشقا تەييارلىق كۆردى.

پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇ-
رۇپ، يېزىلاردا يەر ھۆددىگەرلىك مۇددىتىنى ئۇزارتىش
خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى
ۋە دېھقانلارنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە چېتىلىدۇ. دائىمىي
كومىتېتىمىز تەركىبىدىكىلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ
ئۈچ قېتىم 2 ـ قېتىملىق يەر ھۆددىگەرلىكى، دېھقان ـ
چارۋىچىلارنىڭ سېلىقى ۋە يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە
ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ
كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، مۇدىرلار
يىغىنى ۋە دائىمىي كومىتېت يىغىنى كۆزدىن كەچۈرۈش
دوكلاتىنى ئاڭلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە
ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا
خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا سىياسىتىنى ئەستايى-
دىل ئىجرا قىلىپ، ئاپتونومىز يېزا ئىگىلىكىدە
ياخشى ۋەزىيەتنى ساقلاپ قالغانلىقىدەك نەتىجىلەرنى مۇئەي-
يەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، نۆۋەتتە سەل قاراشقا بولمايدى-
غان بەزى مەسىلىلەرنىڭمۇ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى، ئاساسلىقى
بەزى جايلارنىڭ يەر ھۆددىگەرلىك مۇددىتىنى خالىغانچە
قىسقارتقانلىقى، «ئىككى ئېتىز تۈزۈمى» نى داۋاملىق يولغا
قويغانلىقى ۋە «زاپاس يەر» نى نامۇۋاپىق ھالدا كېڭەيتكەن-
لىكىنى، بەزى جايلاردا دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ يوشۇرۇن
يۈكى يەنىلا بىر قەدەر ئېغىر ئىكەنلىكى، دېھقانلارنىڭ دې-
موكراتىيە ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلماسلىق مەسىلىسىنىڭ
كۆرۈلۈپ تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. يىغىن ھۆ-
كۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەخسۇس مۇھاكىمە قى-
لىپ، ئۇنۇملۇك ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈشنى تەۋ-
سىيە قىلدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە مۇنا-
سىۋەتلىك تارماقلارنىڭ پائال تىرىشىشى بىلەن، بۇ مەسىلى-
لەر ھەل قىلىندى ۋە ھەل قىلىنىۋاتىدۇ.

دائىمىي كومىتېتىمىز خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك
كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە نازارەتچىلىك قى-
لىشقا ئەھمىيەت بەردى. ئۆتكەن ھالدا دۆلەت كارخانىلى-
رىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ
ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى قايتا ئىش-
قا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ
مەركەزلىك تەربىيىلەش ـ تۈزەش خىزمىتى، دوختۇرخانىلا-
رنىڭ داۋالاش ھەققى يۇقىرى بولۇش ۋە يېزا ـ قىشلاقلاردا
ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى تەس بولۇش مەسىلىسى،
16 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالى-
يىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى قاتارلىق جەھەتلەردە نازا-
رەتچىلىك قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، چوڭقۇر تەكشۈ-
رۈپ تەتقىق قىلىش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىنى
تەشكىللىدى، دائىمىي كومىتېت يىغىنى ۋە مۇدىرلار يىغى-
نى كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتى ۋە ھۆكۈ-
مەتنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىدى. دائىمىي كومىتېتىمىز ھۆكۈ-
مەتنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقى ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالدا ئۇ-
نۇملۇك تەدبىر قوللىنىپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-
خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە
ئۇلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەپ، مۇقىملىقنى ساقلىغانلىقىدىن مەمنۇن بولدى ھەم-
دە ھۆكۈمەتتىن خىزمەت سالمىقىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ،
تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قى-
لىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، قايتا
ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشى-
نى ئۈمىد قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەر مىللەت خەلق
ئاممىسىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىش ئورنىدىن قالغان
ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە تولىمۇ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى
چوڭقۇر چۈشىنىپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى توغرا تونۇپ، كۆز
ئالدىدىكى مەنپەئەت بىلەن يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتنىڭ مۇ-
ناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، ۋاقىتلىق قىيىنچى-
لىقنى يېڭىپ، ئىسلاھاتنى قوللىشى لازىملىقىنى چاقىرىق
قىلدى. دائىمىي كومىتېتىمىز ھۆكۈمەتنىڭ داۋالىنىش
ھەققى يۇقىرى بولۇش ۋە يېزا ـ قىشلاقلاردا ئاممىنىڭ

كېسەل كۆرسىتىشى تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان تەدبىرلىرىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا خېلى ئۇيغۇن دەپ ھېسابلاپ، ھۆكۈمەتتىن ئۇنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. دائىمىي كومىتېتىمىز ھۆكۈمەتنىڭ 16 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قوشۇلدى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان زور نەپ ئېلىۋاتقانلىقىنى تولۇق تونۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا ئاكتىپ تۆھپە قوشۇشقا چاقىردى.

دائىمىي كومىتېتىمىز ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ مەركەزلىك تەربىيىلەش - تۈزەش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن باسقۇچلۇق نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، ئەدلىيە ئورگانلىرىدىن قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، چىرىكلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۆتكەن بىر يىلدا، ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، ئامما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان بەزى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلىندى، تىنچ - ئىتتىپاق بولغان ئىجتىمائىي - سىياسىي ۋەزىيەت قوغدالدى.

**4. ۋەكىللەر ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى بىلەن بولغان ئالاقە يەنىمۇ قويۇقلاشتى**

ۋەكىللەرنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ خىزمىتىنى ۋەكىللەرنىڭ نازارىتى ئاستىغا قويۇش — خىزمەتلىرىمىزنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى. بىر يىلدىن بۇيان، دائىمىي كومىتېتىمىز ۋەكىللەر بىلەن بولغان ئالاقىنى ھەر خىل شەكىللەر بىلەن كۈچەيتىپ، ۋەكىللەرنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلىشىغا تىرىشىپ مۇلازىمەت قىلدى. دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ ۋەكىللەر بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى ئاساسىي يولىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، «ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە خەت» نى تارقىتىپ، ۋەكىللەردىن ئۆزىنى سايلىغان ئورۇن ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىپ، ئىگىلىگەن مۇھىم ئەھۋاللارنى دائىمىي كومىتېتقا ھەر پەسىلدە بىر قېتىم ئىنكاس قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. ۋەكىللەرنىڭ مۇھىم پىكىر، تەۋسىيىلىرىنى «ۋەكىللەر ساداسى» ئارقىلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بىجىرىشىگە يوللاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋەكىللىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مەسئۇللىرى بىلەن، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە تەركىبىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈشىگە دائىر ئىشلارنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، ۋەكىللەرنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىققا مۇناسىۋەتلىك چوڭ - چوڭ ئىشلار، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە نىزاملارنى ئىجرا قىلىشتا ساقلانغان مەسىلىلەر، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان ئەھۋاللار ئۈستىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ۋەكىللىك كىنىشكىسى بىلەن كۆرۈشۈشىنى، ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مەسئۇللىرىنىڭ ۋەكىللەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقا ئاۋۋال ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى بەلگىلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋەكىللىك بۇرچىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى تەشكىللىگەن كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە باھالاش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئاساسىي قاتلامغا، ئاممىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىنىڭ پىكرىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ، ئاممىنىڭ ساداسىنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ، دۆلەتنىڭ قانۇنلىرى ۋە پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە پائال ھەمكارلىشىپ، تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى مەزگىلىدە ۋەكىللەر بەرگەن، يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ قارارى بىلەن خەلق ھۆكۈمە-

تىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلغان
16 تەكلىپنامە، 690 تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرنىڭ ھەممە-
سى بېجىرىلىپ بولدى. دائىمىي كومىتېتىمىز بىر يىلدىن
بۇيان، ھال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىۋى خەت - چەكلەردىن
جەمئىي 5528 ئادەم (پارچە)، ئەرز - شىكايەت دېلولىرى-
دىن 442 پارچە قوبۇل قىلدى. بېجىرىشكە يوللاپ بېرىش
ۋە سۈيلەش ئارقىلىق، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئاممىنىڭ
بەزى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ھەيدەك-
چىلىك قىلدى، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بەزى خاتا دېلولارنى
تۈزىتىشىگە نازارەتچىلىك قىلدى ۋە مەدەت بەردى.

دائىمىي كومىتېتىمىز ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇل-
تىيى دائىمىي كومىتېتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى ۋە
ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيت-
تى. ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ۋە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇل-
تايلىرى نۆۋەت ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، يېڭىدىن سايلان-
غان خەلق قۇرۇلتىيى مەسئۇللىرىنىڭ ئالاقىدار قانۇن ۋە
خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى پىششىق بىلىشىگە ئىمكان-
يەت يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى
خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈ-
چۈن، 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جەنۇبىي ۋە شىمالىي
شىنجاڭدا ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى
يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە ۋىلايەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتلىرىدىكى ئاساسلىق
مەسئۇللارنى تەربىيىلىدى. جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى
خىزمىتىدىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ تونۇشىغا ئەھمىيەت
بېرىپ، ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇپ، خىزمەت ئالا-
قىسىنى كۈچەيتىپ، جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى
تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ ۋە كېڭەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئۆز مەمۇرىي
رايونىنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى مەركىزىي
ۋەزىپىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش
ئىشى ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكىنى ياخشى ئىشلىشىگە مەدەت
بەردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى.

ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە،
بولتۇر دائىمىي كومىتېتىمىز ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ۋە
ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش
سايلام خىزمىتىنى غەلىبىلىك ئورۇندىشىغا يېتەكچىلىك
قىلدى؛ يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ 7 -
قېتىملىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىگە ئىنتايىن
كۆڭۈل بۆلۈپ، 9 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلىق،
بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش ساي-
لام خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، رەھبەرلىكنى
كۈچەيتىشنى، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى،
قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشنى تەكىتلىدى؛
ئاممىنىڭ سايلامدىكى قانۇنغا خىلاپ ئەھۋاللارنى پاش قىلى-
شىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، پاش قىلىش تېلېفونى ئور-
ناتتى؛ ئاز ساندىكى جايلاردا كۆرۈلگەن ۋەكىللەرنىڭ ساھە
قۇرۇلما نىسبىتىنى زورمۇ زور بەلگىلەش، شەكلى ئۆز-
گەرگەن «كۆرسىتىپ سايلاتقۇزۇش» ۋە «ئەۋەتىپ سايلاتقۇ-
زۇش»، ئايرىم جايلاردا يۈز بەرگەن خەلق قۇرۇلتىيى
ۋەكىللىرىنى تەڭ نامزاتلىق سايلاش، سايلام نەتىجىسىگە
ھۆرمەت قىلماسلىق قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى
ۋاقتىدا تەكشۈردى ھەمدە تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى.
بۇنىڭدىن باشقا، ئايرىم جايلاردىكى كەنت ئاھالە كومىتېتى
سايلىمىدا كۆرۈلگەن قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەرنىمۇ «كەنت
ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» غا ئاساسەن تۈ-
زىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

ۋەكىللەر، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بارلىققا كەلگەندىن بېرى،
ئىلگىرىكى خىزمەتلەر ئاساسىدا، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەي-
تىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. دائىمىي كومىتېتنىڭ
1 - يىغىنىدا ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇ-
رۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا قارار چى-
قىرىپ، دائىمىي كومىتېتىمىز تەركىبىدىكىلەرگە شەرەپ
ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن
خىزمەت ھوقۇقىنى ئەستايىدىل ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن
يۈرگۈزۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى زېھنىنى مەر-
كەزلەشتۈرۈپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپ
قويدى. يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈ-
چۈن، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشنى مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ،
دائىمىي كومىتېتىمىز تەركىبىدىكىلەرنى دېڭ شياۋپىڭ نە-
زەرىيىسى ۋە پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى، ئاسا-
سىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى، خەلق قۇرۇلتىيىغا ئالاقىدار
كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە قەرەللىك تەشكىللەپ، ئۇ-
لارنىڭ قانۇن، سىياسەت سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارى-
نى ئۆستۈردى. دائىمىي كومىتېتىمىز پارتىيە رەھبەرلى-
كىدە ئاكتىپ ھالدا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئاپتونوم

رايونلۇق پارتكومنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى چۆرىدەپ ئىشلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن، دائىمىي كومىتېتىمىز يىغىن روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى ھەمدە يېزا ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىش، يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دائىمىي كومىتېتىمىز تەركىبىدىكىلەر يىغىن يېپىق مەزگىلدە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئىشلەپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلدى. دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ئاكتىپ پىكىر بايان قىلىپ، قارارلارنى ئەستايىدىل قاراپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن يىغىننىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. دائىمىي كومىتېتىمىز يىغىندا چۈشكەن پىكىرلەرنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يوللاپ بېرىش ۋە بۇ پىكىرلەرنىڭ بېجىرىلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتتى، مۇھىم پىكىر، تەۋسىيەلەرنى ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىگە ئالاقە ئارقىلىق ۋاقتىدا يوللاپ بەردى ھەمدە بېجىرىلىش نەتىجىسىنى كېيىنكى قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا تارقاتتى. دائىمىي كومىتېتىمىز تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇھىم قارارلار ھەققىدە يىغىندىن ئىلگىرى خەلق ئاممىسىدىن پىكىر ئېلىپ، دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا قاراپ چىقىلىدىغان قارارلاردا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى.

ئۆتكەن بىر يىلدا، دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ خىزمەتلىرى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى ۋە كۈچەيتىلدى، يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ نەتىجىلەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ پائال ماسلىشىشى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا قولغا كەلدى. بۇ يەردە مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى نامىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قوللىغانلىقىغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

ئۆتكەن بىر يىللىق خىزمەتلىرىمىزنى ئەسلىگەن ۋە يەكۈنلىگىنىمىزدە، دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ خىزمىتىدە يەنىلا بەزى ئاجىز ھالقىلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇق، ئاساسلىقى، دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ھەققىدىكى تەشۋىقات دېگەندەك چوڭقۇر بولمىدى، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ۋە پىكىرلىرىنىڭ بېجىرىلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاشقا، ئىش قائىدىسى قاتارلىق خىزمەت تۈزۈملىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلىلەرگە دائىمىي كومىتېتىمىز جىددىي قاراۋاتىدۇ ھەمدە ئۇنى تەدبىر قوللىنىپ تەدرىجىي ھەل قىلىۋاتىدۇ.

ۋەكىللەر، 1999 - يىلى پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز تارىخىدىكى ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بىر يىل بولىدۇ. بۇ يىل بىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاۋمېنغا يۈرگۈزىدىغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، 21 - ئەسىرگە مەردانە قەدەم تاشلايمىز. دائىمىي كومىتېتىمىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى ۋە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى بىرىنچى مەسئۇلىيەت دەپ بىلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە سادىقلىق بىلەن ۋەكىللىك قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ.

**بىرىنچى، يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىش لازىم**

پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ 2010 - يىلغىچە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش تەلىپى بويىچە، دائىمىي كومىتېتىمىز قانۇن چىقىرىش ئېھتىياجىغا قاراپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ،

دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش قەدىمى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ
ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قانۇن چىقىرىش پىلانىنى
تۈزۈپ، قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ پىلانلىق، نۇقتى-
لىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلى-
دۇ. بۇ يىل، قانۇن چىقىرىش تەدبىرلىرىنى ئىسلاھات،
تەرەققىيات تەدبىرلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى-
دا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، بازار ئىگىلىكى تەرتىپى، يېزا
ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتى، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە
- قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمى-
غان ئىگىلىك تەرەققىياتى، بايلىق ۋە مۇھىت ئاسراش، خام
چوت سىرتىدىكى مەبلەغنى باشقۇرۇش، مائارىپ، پەن -
تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە باشقىلارغا دائىر نىزاملارنى تۈزۈش-
نى مۇھىم نۇقتا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا
ماسلىشىپ، ئىلگىرى تۈزۈلگەن نىزاملارغا ۋاقتىدا تۈزى-
تىش كىرگۈزىدۇ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. ئاپتونوم
-رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا مۇنا-
سىۋەتلىك چوڭ - چوڭ ئىشلارنى، خەلق ئاممىسى ئومۇ-
يۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان چوڭ - چوڭ ئىشلارنى، قانۇن-
لارنى يولغا قويۇشتىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ئەستايى-
دىل مۇھاكىمە قىلىپ ۋە قاراپ چىقىپ، مۇناسىپ قارار
چىقىرىپ، خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا تۈرتكە
بولىدۇ.

يەرلىك قانۇن چىقىرىشتا، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار-
نى ئاساس قىلىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ بىرلى-
كىنى ساقلاش؛ سۈرئەتنىمۇ تەكىتلەش، ئەمما ئاساسلىقى
سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە ئەجىر سىڭدۈرۈش؛
كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، نەزەر دائىرىنى كېڭەيتىپ، يولۇق-
قان مەسىلىلەرنى ئىسلاھات روھى بىلەن ھەل قىلىش؛
بولۇپمۇ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تە-
رەققىياتى قاتارلىقلارغا دائىر نىزاملارنى چىقىرىشتا، ئىدى-
يىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئىز-
دىنىش روھىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق
ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ يېڭى نۇقتىلىرىنى شەكىللەن-
دۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش
ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ كونا تۈزۈلمىنىڭ تەسىرىنى تو-
گىتىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ
مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، بەزى
تارماقلارنىڭ نىزام لايىھىسى تەييارلاش پۇرسىتىدىن پايدى-
لىنىپ ئەستىقلاش ھوقۇقى، گۇۋاھنامە تارقىتىش ھوقۇقى
ۋە ھەق ئېلىش ھوقۇقى تالىشىپ، ئۆز تارمىقىنىڭ ھوقۇ-
قىنى نامۇۋاپىق كېڭەيتىۋېلىشىدىن قەتئىي ساقلىنىش؛ ئاپ-
تونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تولۇق نەزەرگە
ئېلىش، يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش، ھەممىدە
ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، شەكىلگە ئېسىلىۋالماي، قول-
لىنىشچانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش؛ چوڭ ھەم مۇكەممەل
قىلىمەن دەيدىغان خاھىشلاردىن، دۆلەت قانۇنلىرىنى ئەينەن
كۆچۈرۈپ كېلىشتىن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ساقلىنىش،
بەزى كونكرېت مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە ئايرىم بەلگىلى-
مىلەرنى چىقىرىش، تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقىرىشقا بولىدى-
غان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تەپسىلىي
بەلگىلىمە چىقىرىش، نىزاملارنىڭ قاراتمىلىقى ۋە قوللى-
نىشچانلىقىنى ئىلگىرىلىگەن ئاشۇرۇش زۆرۈر.

يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا
ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، قانۇن چىقىرىش تۈزۈلمىسى ۋە تەر-
تىپىنى يەنىمۇ مۇھاكىمە قىلىشقا ۋە ياخشىلاشقا، نىزام
لايىھىلىرىنى تەييارلاش يوللىرىنى كېڭەيتىشكە توغرا كېلى-
دۇ. دائىمىي كومىتېتىمىز تەركىبىدىكىلەر قانۇن بويىچە
بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ، نىزام لايىھىلىرىنى ئوتتۇرىغا
قويسا، دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ ئالاقىدار خىزمەت تارماق-
لىرىمۇ بەزى ئۇنىۋېرسال مۇھىم نىزام لايىھىلىرىنى تەييار-
لاشنى باشلامچىلىق بىلەن تەشكىللىسە بولىدۇ. قانۇن چى-
قىرىش داۋامىدا مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملارنىڭ رولىنى
تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك، بەزى نىزام لايىھىلىرىنى
شۇلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ تەييارلىشى ۋە دەلىللىشىگە
ھاۋالە قىلىشقا بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى
كۆپ ساندىكى نىزام لايىھىلىرىنى تەييارلاش ۋەزىپىسىنى
ئۈستىگە ئالغان، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك ۋە ماسلاشتۇ-
رۇشنى كۈچەيتىپ، ۋەزىپە، ئادەم ۋە راسخوتنى ئەمەلىي-
لەشتۈرۈپ، نىزام لايىھىلىرىنى پىلان بويىچە دائىمىي كو-
مىتېتقا ۋاقتىدا سۇنۇشنى ئۈمىد قىلىمىز. نىزامنىڭ سۈ-
پىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تۈزۈش زۆرۈر بولغان
ئەمما پىشىپ يېتىلمىگەنلىرىنى ھۆكۈمەت ئاۋۋال مەمۇرىي
قائىدە قىلىپ چىقارسا بولىدۇ. دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ
خىزمەت تارماقلىرى ئىش تەقسىماتى بويىچە، نىزام لايىھى-
لىرىنى تەييارلىغۇچى ئورۇنلار بىلەن ئالاقىنى يەنىمۇ كۈ-
چەيتىپ، بالدۇر تونۇش قىلىپ، تەكشۈرۈش، دەلىللەش
ۋە تۈزىتىش خىزمىتىنى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ياخشى ئىش-

لەپ، قاراپ چىقىشقا سۇنۇلىدىغان نىزام لايىھەلىرىنى مۇمكىنقەدەر مۇكەممەل قىلىشى لازىم. قانۇن چىقىرىشتا دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىشىمىز؛ قانۇن چىقىرىش جەھەتتىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىشىمىز؛ ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ نىزام لايىھەلىرى ھەققىدىكى پىكىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىشىمىز؛ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان بەزى مۇھىم نىزام لايىھەلىرىنى گېزىتتە ئېلان قىلىپ، كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىپ، ئۇنى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن قىلىشىمىز؛ ئۇنىڭدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشىمىز لازىم.

**ئىككىنچى، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم**

يېقىنقى يىللاردىن بېرى خەلق ئاممىسى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش تەلىپى بارغانسېرى ئاشماقتا. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشتىمۇ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش تولىمۇ زۆرۈر. باش شۇجى جياڭ زېمىن 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىغا قاتناشقان پارتىيىلىك مەسئۇل كادىرلار يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىدىن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى، ھۆكۈمەت، سوت ۋە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. يېقىندا، يولداش ۋاڭ لېچۈەنمۇ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش ھەققىدە كونكرېت تەلەپلەرنى قويدى. دائىمىي كومىتېتىمىز بۇنىڭدىن كېيىن نازارەتچىلىك خىزمىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، نازارەتچىلىك تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاش، كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەش، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، باھالاش، سوئال قويۇش، ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈشنى تەشكىللەش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، نازارەتچىلىك ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ.

قانۇن نازارەتچىلىكى جەھەتتە، بۇ يىل دائىمىي كومىتېتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى، باج ئېلىش - باشقۇرۇش قانۇنى، ئىقتىسادىي تەپتىش قانۇنى، يەر باشقۇرۇش قانۇنى، مۇھىت ئاسراش قانۇنى، يېزا - بازار كارخانىلىرى قانۇنى، ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى قاتارلىق قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى نۇقتىلىق تەكشۈرىدۇ. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتە شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىپ، ئاساسىي قاتلامغا، ئەمەلىيەتكە، ئاممىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىدىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلەيدۇ. دائىمىي كومىتېتىمىز قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ۋاقتىدا ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، زۆرۈر تېپىلغاندا مۇناسىپ قارار چىقىرىدۇ. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش جەھەتتە جاۋاب قايتۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلاردىن قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ياخشىلاش تەدبىرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى دائىمىي كومىتېتقا ۋاقتىدا يازما دوكلات قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ۋە خىزمەتلەرنى ياخشىلاش نەتىجىسىنى ئاممىغا ئاشكارىلاشقىمۇ بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، بىر مۇنچە يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلغاندا، ئايرىم دېلو ئۈستىدە نازارەتچىلىك قىلىپ، خېلى كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئايرىم دېلو ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكى نورمال ئەدلىيە تەرتىپىگە ئارىلاشقانلىق، ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ۋاكالىتەن دېلو بېجىرگەنلىك ئەمەس، بۇنىڭدا پەقەت مەلۇم بىر دېلونى تۈزىتىشنىلا مەقسەت قىلىنمايدۇ، ئايرىم دېلو ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك ئارقىلىق، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە تۈزىتىپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە مەدەت بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ. دائىمىي كومىتېتىمىز ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىنى نازارەت قىلىش نىزامىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، جەمئىيەتتە تەسىرى چوڭقۇر بولغان، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان تىپىك دېلولارنى تاللاپ نازارەتچىلىك قىلىپ،

ئەدلىيە خىزمىتىنى نازارەت قىلىشنى قېلىپلاشتۇرىدۇ ۋە تۈزۈملەشتۈرىدۇ. ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، دېلونى ئادىل بىجىرىپ، ناھەق، خاتا دېلو جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇپ، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىشىغا، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن تۈرلۈك ئاساسىي ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشىگە؛ خىزمەتنى چوڭقۇر، پۇختا ئىشلەش ئارقىلىق، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە باھالاش - سىناش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلار ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىدىن قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشنى ئۆزىنىڭ جان تومۇرى قىلىپ، دائىملىق تەربىيىلەش - باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، قانۇنغا ئاساسلانماسلىق، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىش، ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ قانۇننى دەپسەندە قىلىشتەك خەلق ئاممىسى قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان ئەھۋاللارنى ھەقىقىي تۈگىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

دائىمىي كومىتېتىمىز ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىشتا، ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ قارارلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ ۋە مەدەت بېرىپ، يىغىندا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنىڭ تولۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى نۇقتىلىق مەسىلىلەر، خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا نۇقتىلىق نازارەتچىلىك قىلىدۇ. پىلان ۋە خام چوتنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى گەۋدىلىك ھالدا ياخشى ئىشلەيدۇ. پىلان ۋە خام چوت خەلق قۇرۇلتىيىدا تەستىقلانغاندىن كېيىن قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك. پىلان ۋە خام چوتنى نازارەت قىلىشنىڭ قېلىپلاشقان تۈزۈمىنى پەيدىنپەي ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پىلان ۋە خام چوتنىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ۋاقتىدا ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش ھەمدە خام چوتنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىش دوكلاتىنى ئاڭلاش لازىم. پىلان ۋە خام چوتنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا قىسمەن ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىپى بىلەن، دائىمىي كومىتېتىمىز ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ تەكشۈرۈپ، قانۇن بويىچە مۇناسىپ قارار چىقىرىدۇ. مۇناسىۋەتلىك خىزمەت تارماقلىرىمىز پىلان ۋە خام چوتنىڭ ئىجراسىنى دائىم ئىگىلەپ، دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ قانۇن بويىچە تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىشى لازىم.

دائىمىي كومىتېتىمىز دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرىنى نازارەت قىلىشتا، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى تارماقلار ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىنى پىلانلىق باھالاش، دائىمىي كومىتېتىمىز تەيىنلىگەن كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىدىن دوكلات ئاڭلاش ئارقىلىق، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ خىزمەتكارلىق ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، خەلق بەرگەن ھوقۇقنى توغرا يۈرگۈزۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

**ئۈچىنچى، قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش لازىم**

قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، بارلىق پۇقرالارنىڭ قانۇن ساپاسىنى ئۆستۈرۈش — دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشتىكى مۇھىم ئۇل خىزمەت. دائىمىي كومىتېتىمىز ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئېھتىياجىنى، دۆلەتنى ۋە ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىنى ئاساس قىلىپ، قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنى بۇرۇنقىدەكلا ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىدۇ. ھۆكۈمەت ھەم مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ 3 - بەش يىللىق پىلانى توغرىسىدىكى قارارىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ 3 - بەش يىللىق پىلانىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ ۋە مەدەت بېرىدۇ. ئاساسىي قانۇن — دۆلەتنىڭ تۈپ چوڭ قانۇنى، ئۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا ئالىي نوپۇزغا ۋە قانۇن كۈچىگە ئىگە. ئاساسىي قانۇننى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە بىرىنچى

ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي روھى ۋە مۇھىم مەزمۇنلىرىنى ھەممەيلەنگە بىلدۈرۈش لازىم. پۈتۈن جەمئىيەتتە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ نوپۇزى ھەقىقىي تۇرغۇزۇلۇشى، ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن ھالقىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىشىغا يول قويۇلماسلىقى، ھەر قانداق قانۇن، نىزام، قائىدە ۋە قېلىپلاشقان ھۆججەت ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا زىت بولماسلىقى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا خىلاپ ھەر قانداق ھەرىكەت سۈرۈشتۈرۈلۈشى لازىم.

قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسىدىكى مۇھىم نۇقتا رەھبەرىي كادىرلار، ئاجىز ھالقا يېزىلار. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار قانۇن ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، باشلامچىلىق رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، قانۇننى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ ۋە ئىشلىتىپ، قانۇن ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق قارشىنى ئىرىشىپ كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە سىياسەت بەلگىلەش، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئاڭلىقلىقى ۋە ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپ خىل ئۈنۈملۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، يېزىلاردا قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ كونكرېت نىشانى ۋە تەدبىرلىرىنى بەلگىلەشكە ھەمدە ئۇنى ھەقىقىي تۈردە يولغا قويۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشى لازىم. يېزا - قىشلاقلاردا يېزا ئىگىلىك قانۇنى، يەر باشقۇرۇش قانۇنى، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى، ئاپتونوم رايوننىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش نىزامى قاتارلىقلارنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۆگىنىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، يېزىلاردىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ قانۇننى بىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى پەيدىنپەي ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى پۇقرالىق ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزىدىغان، پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنى ئاڭلىق ئادا قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغدايدىغان، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغان قىلىش لازىم.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ھەققىدىكى تەشۋىقات - تەربىيىنى كۈچەيتىش — قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى — دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، پارتىيە رەھبەرلىكىدە خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىدىكى ئەڭ ياخشى ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلى. ھازىر جەمئىيەتتە يەنىلا بىر مۇنچە كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ بۇ تۈپ سىياسىي تۈزۈمگە بولغان تونۇشى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە رولىغا بولغان تونۇشى دېگەندەك چوڭقۇر ئەمەس. بۇ يىل دۆلىتىمىزدە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئورنىتىلغىنىغا 45 يىل، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغىنىغا 20 يىل بولدى، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئويۇشتۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بويىچە قايتا ئۆگىنىش، قايتا تەشۋىق قىلىش، قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشىمىز لازىم.

ئاخبارات ئورۇنلىرى قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاخبارات ئورۇنلىرى بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىش خىزمىتىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش؛ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى نەتىجە ۋە تەرەققىياتنى ئەكس ئەتتۈرۈش، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش، دۆلەت ئىشلىرىنى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇشتىكى ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش؛ تەشۋىقات ئارقىلىق خەلق ئاممىسىغا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

## تۆتىنچى، ۋەكىللەر ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇش لازىم

ۋەكىللەر ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش، ۋەكىللەر ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش — خىزمەتلىرىمىزنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ كاپالىتى. دائىمىي كومىتېتىمىز ۋەكىللەر قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇقىنىڭ دەخلىسىزلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. بىر قىسىم خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتۇرۇش تۈزۈمىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، نىزام لايىھەلىرىنى قاراپ چىققاندا، مۇھىم قارار چىقارغاندا ۋەكىللەردىن كەڭ تۈردە پىكىر ئالىدۇ. ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىگە پىلانلىق تەشكىللەيدۇ، ۋەكىل-

لەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ۋەكىللىك كىنىشكىسى بىلەن كۆرۈشۈش ئۇسۇلىنى داۋاملىق قوللىنىدۇ، ۋەكىللەرنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ. ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشىلاپ، ھەيدەكچىلىك - تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، بېجىرىش سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرىدۇ. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋەكىللەرنىڭ قانۇنى ئورنىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىشىمىز، ۋەكىللەرنىڭ خىزمىتىنى پائال قوللىشىمىز، ۋەكىللەرنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشىمىز؛ خەلق ئاممىسىنىڭ خەت - چەك ۋە ئەرز - شىكايەتلىرىنى، ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىشىمىز، قانۇنغا خىلاپ چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ تەكشۈرۈشىمىز، خەلق ئاممىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساداسىغا قولاق سېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھالىغا يېتىشىمىز ۋە ئۇلارنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىشىمىز؛ تۈرلۈك خىزمەتلەردە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىشىمىز ۋە گەۋدىلەندۈرۈشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق خەلق ئاممىسىغا پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى ۋەزىيەتنى توغرا تونۇشقا، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە، ئىشەنچنى چىڭىتىشقا، ئاپتونوم رايونىمىز ئوتتۇرىغا قويغان ۋە قويماقچى بولغان ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى چۈشىنىش ۋە قوللاشقا يېتەكلەپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنى تەشكىل قىلغۇچىلار بولۇپ، خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. بۇنداق ھوقۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدىكى پائالىيەتلەردىمۇ، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدىكى پائالىيەتلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ۋەكىللەر قانۇنىدا: «ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، شۇ دەرىجىلىك ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ» ، «ۋەكىللەر كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىرلىرىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرۇشى، ئەسلى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلارنىڭ ياكى ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇننىڭ ۋەكىللەر خىزمىتى ۋە ۋەكىللەر پائالىيىتى توغرىسىدا سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشى، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە ھەمكارلىشىشى لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن. بىز خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەكىللەر قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، خەلق بەرگەن ھوقۇقنى قەدىرلەپ، ۋەكىللىك مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، دائىمىي كومىتېت تەشكىللىگەن پائالىيەتلەرگە پائال قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

دائىمىي كومىتېتىمىز ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى بىلەن بولغان خىزمەت ئالاقىسىنى، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتلىرىغا بولغان خىزمەت رەھبەرلىكىنى داۋاملىق كۈچەيتىدۇ. ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتلىرى مەسئۇللىرىنى دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ يىغىنلىرىغا سىرتتىن قاتناشتۇرۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك قارارلىرىمىزنى قاراپ چىققاندا ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلايدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، بولۇپمۇ چوڭ - ئىشلارنى بېكىتىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى، تۈرلۈك ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە مەدەت بېرىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى جان - دىل بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش جەھەتتە داۋاملىق تىرىشىشىمىز لازىم.

**بەشىنچى، ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنى ھەقىقىي ياخشىلاش لازىم**

يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشتە شەرەپلىك ۋەزىپىنى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. دائىمىي كومىتېتىمىز ئېغىر ھەم مۇشەققەتلىك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئۆز قۇرۇلۇشىمىز-

نى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدىكى قارارنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تىرىشىپ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈردۇق. ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇردۇق. دائىمىي كومىتېتىمىز تەركىبىدىكىلەر ۋە ئورگان خادىملىرى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۆزلەشتۈرۈشىمىز، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋاقتىدا ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۆزلەشتۈرۈشىمىز ھەمدە ئۇنى تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم. ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، دادىل ئىزدىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان ئىدىيىۋى تونۇش ۋە خىزمەت ئۇسۇلى، خىزمەت ئىستىلىمىزنى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىگە تىرىشىپ ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز لازىم؛ ئاپتونوم رايوننىڭ خىزمەت ئومۇمىيىتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتلىرىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزگە ھەقىقىي تۈردە بويسۇنۇشىمىز ۋە ئۇنىڭغا مۇلازىمەت قىلىشىمىز لازىم. ئۈنۈملۈك خىزمەت تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر بىلىدىغان، خەلقنىڭ رايىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدىغان، خەلقنىڭ ئەقىل - پاراستىنى مەركەزلەشتۈرىدىغان تەدبىر بەلگىلەش مېخانىزمىنى تەدرىجىي ئورنىتىپ، تەدبىر بەلگىلەش سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. دائىمىي كومىتېتىمىز قانۇنچىلىق لېكسىيىسىنى قەرەللىك ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى دائىمىي كومىتېتىمىز تەركىبىدىكىلەر ۋە ئورگان خادىملىرىغا ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىدىن لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقىنى ياخشى يۈرگۈزۈشكە پۇختا ئاساس سالدۇق. دائىمىي كومىتېتىمىز تەركىبىدىكىلەر مەسئۇلىيىتىمىزنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ئوبدان ئىشلىشىمىز؛ خەلقنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش جەھەتتە باشلامچى، ئۈلگە بولۇشىمىز لازىم. دائىمىي كومىتېت ئورگىنىمىز ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش، تەشكىلىي قۇرۇلۇش ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئورگان كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى پىلانلىق ھالدا ئوبدان ئىشلەپ، يۇقىرى ساپالىق خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىپ، دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقلىرىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن داۋاملىق ھالدا ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت قىلىشى لازىم.

ۋەكىللەر: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1999 - يىللىق ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ۋەزىپىلىرى ئېغىر ۋە مۈشكۈل. ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تىنچ - ئىتتىپاق بولغان ئىجتىمائىي - سىياسىي ۋەزىيەتنى ھەقىقىي تۈردە ساقلاش كېرەك، بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى. شۇڭا بىز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىغا خاس رولىمىزنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا قەتئىي ئىشىنىپ ۋە تايىنىپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇقىملىقىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوغدىشىمىز لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 60 مىڭدىن ئارتۇق ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم كۈچ، بىز مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشتا نەمۇنىلىك رول ئويناپ، مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى داۋاملىق ھالدا ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىشىمىز لازىم. شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى پارلاق. مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇقىملىقنى باشتىن ئاخىر تىرىشىپ ساقلايدىغانلا بولساق، ھەر قانداق قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غەلىبە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسىيالمايدۇ. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىگىلمەي - پۈكۈلمەي، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، بۇ يىلقى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات توغرىسىدىكى قارارى

(1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 31- كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» ىنى قاراپ چىقىپ، دوكلاتتا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1998 - يىللىق خىزمەت نەتىجىلىرى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپتۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر ھەمدە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىنىپتۇ؛ ھۆكۈمەت خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان يېتەرسىزلىكلەر ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلىپتۇ؛ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي پىكىر يولى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1999 - يىللىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپە كۆرسەتكۈچلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ؛ ھەر قايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ؛ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇلۇپتۇ، دوكلات شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن، دەپ قاراپ، بۇ دوكلاتنى تەستىقلاشنى قارار قىلدى.

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: 1998 - يىلى بەكمۇ ئۆزگىچە بىر يىل بولدى، ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەن، ئىچكى ئېھتىياج يېتەرلىك بولمىغان ۋە بازارنىڭ چەكلىمىسى كۈچىيىۋاتقان مۇرەككەپ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇھىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى روھى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا بېكىتىلگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى پائال ئۆزگەرتىپ، ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، خەلق ئىگىلىكىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلاردا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىپ، جەمئىيەت مۇقىم بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچىيىپ، خەلق تۇرمۇشى يەنىمۇ ياخشىلاندى. يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: ئىچكى - تاشقى ئىقتىسادىي مۇھىت ئازادە بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، مۇشۇنداق نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشى ئاسانغا توختىمىدى. شۇڭا، يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىدىن رازى بولدى.

يىغىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: 1999 - يىلى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر يىلى، شۇنداقلا ئۇ، ئېلىمىز تارىخىدىكى ئالاھىدە بىر يىل بولغۇسى. بىز بۇ يىلدا دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى ۋە ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋالىمىز؛ 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىنى ئورۇنداپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر يىل. شۇڭا، بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يىللىق تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشتا، پايدىلىق شارائىت كۆپ. لېكىن، كەسكىن رىقابەتتىنمۇ خالىي بولالمايمىز. ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ تەسىرى ۋە ئىچكى ئۈنۈملۈك ئېھتىياج يېتەرلىك بولماسلىق ئەھۋالى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈپتىن ياخشىلىنىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، بازار رىقابىتى تېخىمۇ كەسكىنلىشىدۇ. شۇڭا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى ۋە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنى، مەركىزىي كومىتېت ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى، يېزا خىزمىتى يىغىنلىرىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۇرسەتنى غەنىيمەن بىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، بۇ قېتىمقى يىغىندا بېكىتىلگەن نىشان ۋە ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇندىشى كېرەك.

يىغىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قېتىملىق يىغىندا تەستىقلانغان «ھۆ-

كۆمەت خىزمىتىدىن دوكلات» قا ئاساسەن، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇللۇق ئورنىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشى؛ قۇرۇلمىلارنى تەڭشەش ۋە كەسىپلەرنى يېڭىلاشنى تېزلىتىپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆپ ساندىكى چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز قەرەلىدە ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىشى؛ ئۇل ئەسلىھە ۋە ئۇل كەسىپلەرنى كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق تۈرلەرنى چىڭ تۇتۇشى؛ تاشقى ئىقتىساد ۋە تاشقى سودىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى؛ ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شەھەر، يېزىلاردا پائال بازار ئېچىشى؛ كىرىمنى ئاشۇرۇش، چىقىمنى تېجەشنى چىڭ تۇتۇپ، مالىيە قىيىنچىلىقىنى تىرىشىپ ھەل قىلىشى؛ شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇشى؛ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق ۋە پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى؛ مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇشى؛ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلىشى لازىم.

يىغىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەستايىدىل تەھلىل - تەتقىق قىلىپ، خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىپ، ھەر خىل مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى بىخ ھالىتىدىلا يوقىتىش لازىم. جەمئىيەتنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىش لازىم. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ھەققىدىكى بىر قاتار يوليورۇقلىرى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايراق روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كېرەك.

يىغىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، شەھەر، يېزا خەلقىنىڭ كىرىمىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت شارائىتىنى تىرىشىپ ياخشىلاش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پائال تەدبىر قوللىنىپ، بۇ خىزمەتنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشى؛ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈپ، قىيىنچىلىقى بار كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش كاپالىتى مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىشى؛ نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، يېزىلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، نامرات رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىشى لازىم.

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: ھۆكۈمەت ئاپپاراتى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش — سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى. شۇڭا، مەركەزنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئىخچام بولۇش، بىرلىككە كېلىش ۋە ئۈنۈملۈك بولۇش پرىنسىپى بويىچە، ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىپ، خىزمىتى يۈرۈشلۈك، ھەرىكىتى قېلىپلاشقان، سەرخىل ۋە ئۈنۈملۈك مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش لازىم.

يىغىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات يولىدىكى مۈشكۈل ۋەزىپىلەر ئالدىدا، ھۆكۈمەت ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ئىستىلىنى يەنىمۇ ياخشىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا ۋە توغرا كەيپىيات تىكلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇشتەك خىزمەت ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇشى؛ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تۈپ مەقسىتىنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، چاكارلىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلىشى؛ ھۆكۈمەتنى قاتتىق تۈزەپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشى لازىم. تارماق ۋە ساھەلەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىنتىزامغا خىلاپ دېلولارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، چىرىكلىكنى قاتتىق جازالاپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ھەقىقىي ئېرىشىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى، فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى؛ ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئارقىلىق بۇ قېتىمقى يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئومۇم-

يۈزلۈك ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.
يىغىن مۇنداق چاقىرىق قىلدى: ئاپتونوم رايونىمىزدى-
كى ھەر مىللەت خەلق يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋ-
پىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىردەك
ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، يول ئې-
چىپ ئىلگىرىلەپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللى-
قىنى ۋە ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى ئەلا
نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئىتتىپاق، مۇقىم بولغان ۋە
ھاياتىي كۈچكە تولغان شىنجاڭنى 21 ـ ئەسىرگە باشلاپ
كىرەيلى.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارارى

(1999 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنى مۇۋەققەت مەھكىمە باشلىقى مۇھەم-
مەد روزى بەرگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى» نى
ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقتى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى
خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۆتكەن بىر يىللىق خىزمىتى-
دىن مەمنۇن بولدى ۋە بۇ دوكلاتنى تەستىقلاشنى قارار
قىلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھ-
كىمىسىدىن سوت ئۇسۇلى ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئىلگىرى
سۈرۈپ، سوتچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ياخشى
تۇتۇپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، دېلونى ئادىل بېجى-
رىپ، سوت خىزمىتى سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ،
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق
ئىشلىرىنى كۈچلۈك ئەدلىيە كاپالىتىگە ئىگە قىلىشنى ۋە
ئۇنىڭغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارارى

(1999 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنى باش تەپتىش مەھەممەت يۈسۈپ
بەرگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش
مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى» نى ئاڭلاپ ۋە قاراپ
چىقتى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمە-
سىنىڭ ئۆتكەن بىر يىللىق خىزمىتىدىن مەمنۇن بولدى ۋە
بۇ دوكلاتنى تەستىقلاشنى قارار قىلدى. يىغىن ئاپتونوم
رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىن تەپتىش فۇنكسىيە-
سىنى ئومۇميۈزلۈك ئادا قىلىپ، تەپتىشلەر قوشۇنى قۇرۇ-
لۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قى-
لىپ، دېلونى ئادىل بېجىرىپ، تەپتىش خىزمىتى سەۋىيە-
سىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلا-
ھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئىشلىرىنى ئىشەنچلىك ئەد-
لىيە كاپالىتىگە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى ھەم 1999 - يىللىق پىلان لايىھىسى توغرىسىدىكى قارارى

(1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 31- كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ئەستايىدىل قاراپ چىقىش ئارقىلىق ھەمدە يىغىن پىلان - خام چوت تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ پىلان تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلان لايىھىسىنى تەستىقلاشنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خەن شۆچى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن بەرگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ 1998 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى ھەم 1999 - يىللىق پىلان لايىھىسى توغرىسىدىكى دوكلات» قا، يىغىن پىلان - خام چوت تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ 1999 - يىللىق پىلانىنى ئورۇنداش ھەققىدىكى تەكلىپلىرىگە قوشۇلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىن پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى، مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى ۋە بۇ قېتىمقى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، قاراشنى يېڭىلاپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېھتىياجنى كېڭەيتىشنى ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئاساسىي تەدبىرى قىلىپ، «نېفىت، پاختا» مۇھىم نۇقتا قىلىنغان بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ يېڭى نۇقتىلىرىنى پائال يېتىلدۈرۈشنى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇلۇغ ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش قەدىمىنى پائال تېزلىتىشنى؛ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بازار رىقابىتى ئىقتىدارى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى؛ سېلىنما قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ۋە سەرخىللاشتۇرۇپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا كاپالەتلىك قىلىپ، سېلىنما ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى؛ ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈلمىسىنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر، بازارلاردىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئاھالىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىنى يولغا قويۇش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى؛ ئېكسپورتنى تىرىشىپ كېڭەيتىپ، تاشقى ئىقتىساد ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى؛ سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە ياخشىلاشنى؛ ئىجتىمائىي ئىشلارنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەتنىڭ ماس راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پىلاندىكى ۋەزىپىلەر ۋە سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكنىڭ 1998 - يىللىق خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە 1999 - يىللىق خام چوت لايىھىسى توغرىسىدىكى قارارى

(1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 31- كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى قاراپ چىقىش ئارقىلىق ھەمدە

يىغىن پىلان ـ خام چوت تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ خام چوت تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكنىڭ 1999 ـ يىللىق خام چوت لايىھىسىنى تەستىقلاشنى قارار قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى چېن زىيۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن بەرگەن «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكنىڭ 1998 ـ يىللىق خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە 1999 ـ يىللىق خام چوت لايىھىسى توغرىسىدىكى دوكلات» قا، يىغىن پىلان ـ خام تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ 1999 ـ يىللىق خام چوتنى ئورۇنداش توغرىسىدا قويغان تەكلىپلىرىگە قوشۇلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىن پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى، مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى ۋە بۇ قېتىمقى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق قىسىش ئاساسىدىكى مالىيە سىياسىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ، ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەپ، نۇقتىلىق چىقىملارغا كاپالەتلىك قىلىش، ئادەتتىكى چىقىملارنى تىزگىنلەشنى؛ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئومۇمىيىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى؛ خام چوت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، «خام چوت قانۇنى» ۋە مالىيە ـ ئىقتىسادقا دائىر قانۇن، نىزاملارنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، قانۇن بويىچە مالىيە باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خام چوتنىڭ چەكلەش كۈچىنى ئاشۇرۇشنى؛ باج ئېلىشنى باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، «باج باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يوچۇقلارنى ئېتىش، چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاش، قەرز قالغان باجنى ئېنىقلاش» قائىدىسىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى؛ خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، خام چوت ئىچى ـ سىرتىدىكى مەبلەغنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ ئوبدان ئىشلىتىپ، مالىيە مەبلىغىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشنى؛ كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، خام چوتنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك، نازارەتچىلىكنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، خام چوت ۋەزىپىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارارى

(1999 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنى مۇدىر ھامىدىن نىياز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى. يىغىن مۇنداق قارايدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيى روھىنى يېتەكچى قىلىپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقلىرىنى پائال يۈرگۈزۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، بولۇپمۇ نازارەتچىلىك خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈش، ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە مۇھىم تۆھپە قوشتى. يىغىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىدىن مەمنۇن بولدى ۋە بۇ دوكلاتنى تەستىقلاشنى قارار قىلدى.

يىغىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلىدۇ: يېڭى بىر يىلدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى ۋە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقلىرىنى ھەقىقىي يۈرگۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە يېڭى تۆھپە قوشۇشى؛ قانۇن چىقىرىش تەدبىرلىرى بىلەن ئىسلاھات، تەرەققىيات تەدبىرلىرىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى؛ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشى جەھەتتىكى نازارەتچىلىكنى ھەقىقىي ياخشىلاپ ۋە كۈچەيتىپ، مەمۇرىي، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتى جەھەتتىكى نازارەتچىلىكنى ياخشىلىشى ۋە كۈچەيتىشى؛ دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىغا قارىتىلغان نازارەتچىلىكنى ياخشىلىشى ۋە كۈچەيتىشى؛ نازارەتچىلىك ئۈنۈمىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ۋە ئەدلىيە خىزمىتىنى ئادىل ئىشلەشكە تۈرتكە بولۇشى؛ قانۇنچىلىق تەشۋىق - تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىشى، ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ قانۇن ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى؛ ۋەكىللەر ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى؛ يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتتىكى رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشى؛ دائىمىي كومىتېتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت ئۈنۈمى ۋە قاراپ چىقىش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، دائىمىي كومىتېتنى تىرىشىپ ھاياتىي كۈچكە تولغان، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى لازىم.

## مۇھەممەت روزىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى



مۇھەممەت روزى، ئەر، ئۇيغۇر، 1944 - يىلى 7 - ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭنىڭ قاراقاش ناھىيىسىدىن. 1962 - يىلى 5 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1971 - يىلى 9 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، ئالىي تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئىگە. پروفېسسور. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى، مۇۋەققەت مەھكىمە باشلىقى.

بۇرۇن غۇلجا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمچىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ سىياسىي - قانۇن كادىرلار مەكتىپى جامائەت خەۋپسىزلىكى كافېدراسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، باشلىقى، مۇئاۋىن مۇدىر، مۇدىر، شىنجاڭ سىياسىي - قانۇن كادىرلىرى ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، ئىنستىتۇتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى - ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنستىتۇت مۇدىرى بولغان.

ئاپتونوم رايوننىڭ تۆھپىسى گەۋدىلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسى، گوۋۇيۈەن تارقاتقان ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە قوشۇمچە ياردىمىدىن بەھرىمەن بولغۇچى.

# ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەيلى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىغا قاتناشقان ھەر مىللەت ۋەكىللىرى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرگەن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى ئەستايىدىل، قىزغىن قاراپ چىقتى.

ۋەكىل شىبۇڭ خوبىيىن مۇنداق دېدى: دوكلاتتا نۆۋەندىكى بىر نەچچە ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن: بىرىنچى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە يېتەكچىلىك قىلىپ قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تىرىشىپ ئىلگىرىلەپ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، بازارغا لايىقلىشىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن غايەت زور رولى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئىككىنچى، خېلى ئەمەلىي بولغان. مەيلى 1998 - يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەپ بولسۇن، ياكى 1999 - يىللىق ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، 1999 - يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش بولسۇن، ھەممىسىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۈچىنچى، دوكلاتتا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەركەزنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ۋە تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرۈش جەھەتتىكى نەتىجىلىرى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تۆتىنچى، نۆۋەتتىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات داۋامىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغا ئۆزگىرىۋاتقان ۋەزىيەتكە قانداق ماسلىشىش، پىكىر يولىنى كېڭەيتىش، رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە تەلەپ قويۇلغان. 1998 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز قىيىنچىلىقتا ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان بىر يىل بولدى، ئاپتونوم رايونىمىز «پاختا، نېفىت» ئىستراتېگىيىسى توسالغۇغا ئۇچرىدى، تەبىئىي ئاپەت ئىنتايىن ئېغىر بولدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىشىپ كۆرەش قىلىشى نەتىجىسىدە يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىنىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئاشۇردۇق. لېكىن بازاردا ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى كۆپ ئاشالمىدى، بەزى جايلاردا كىرىم ئېشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى كېمىيىپ كەتتى، بۇ ھەرگىز ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ياخشى ئىشلىمىگەنلىكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەدبىرلىرىدە مەسىلە بولغانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئەمەس، بازار ئۆقتىسىدىن قارىغاندا، بۇنىڭغا تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بىز مەسىلىلەرنى ئېغىر بېسىقلىق بىلەن تەھلىل قىلىش، ئوبيېكتىپ باھا بېرىشتەك ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن تونۇشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىز لازىم، بولمىسا بۇندىن كېيىنكى خىزمىتىمىزگە تەسىر يېتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ئالدى بىلەن مەسىلىلەرنى ئوبيېكتىپ تونۇپ، ئاممىنى پائال يېتەكلەپ، مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى ئاممىغا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى تولۇق مۆلچەرلەپ، ۋەزىيەتنى ئەتراپلىق، توغرا ئىگىلەپ، پىكىر يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قىيىنچىلىقلارغا توغرا قاراپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرىدىغان ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بازار ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشى لازىم. يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا خىزمىتىدە مۇنداق ئىككى نۇقتىنى ئالاھىدە چىڭ تۇتۇش كېرەك، بىرى، بىر قولدا ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا ئوبوروتنى تۇتۇش لازىم. يەنە بىرى، دېھقانلارنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ۋە ئاڭلىقلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مادارغا چۈشلۇق ئىش قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى ھەقىقىي تۈردە قوغداپ، يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ۋەكىل يالقۇن ھەلىمدىن، تۇرسۇن مامۇتلار مۇنداق دېدى: يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسىنىڭ ئىزچىل يۇقىرى بولۇش مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش كېرەك. 1998 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مول ھوسۇل ئېلىنىپ، يەنە بىر يېڭى سەۋىيە يارىتىلغان بىر يىل بولدى، بولۇپمۇ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىش ھەجمى 19.6% كە يەتتى، لېكىن سېتىۋېلىش باھاسى تۆۋەنلىتىلگەنلىكتىن، دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي كىرىمى ئانچە كۆپ ئاشمىدى. باھا تەڭشەش ئامىلىدىن سىرت، يېزا ئىگىلىك ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى ئىزچىل يۇقىرى بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا تەننەرخنى تۆۋەنلىتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى چەكلەيدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. شۇڭا، پاختىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك ۋاستىلىرىنىڭ باھاسىنى مۇۋاپىق تەڭشەش لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنىڭ پەرقى بارغانـ

سېرى چوڭىيىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل، مۇقىم ئاشۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قىيىنغا چۈشىدۇ.

ۋەكىل جاڭ يۈنچۈەن مۇنداق دېدى: رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ دوكلاتى ھەر قايسى تەرەپلەردىن كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىش، بىر نەچچە قېتىم يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە تولۇق غۇلغۇلا قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن. 1998 - يىلدىكى خىزمەتلەر ئۈستىدىكى تەھلىل، باھا ئىلمىي، ئوبيېكتىپ بولغان. ئوتتۇرىغا قويۇلغان 1999 - يىلدىكى خىزمەت تەدبىرلىرى كونكرېت، نىشانى ئېنىق بولغان، بۇ نىشاننى تىرىشىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد خىزمىتىدە ئۆتكەن يىلى خەلقئارادىكى رىقابەت كەسكىنلەشكەن ۋە ئاسىيادا كۆرۈلگەن پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ تەسىرى بولغان ئەھۋالدا %73 لىك ئېشىش سۈرئىتى قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ تولىمۇ ئاسان ئەمەس. %73 لىك ئېشىش سۈرئەتتە 1997 - يىلدىكى پىلان نىشانىغا سېلىشتۇرغاندا پەرق بولسىمۇ، لېكىن بىز بۇنىڭغا توغرا قارىشىمىز كېرەك. نېفىت، پاختا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈۋرۈك كەسپى بولسىمۇ، لېكىن خەلقئارا بازاردىكى باھانىڭ زەربىسى بىلەن نېفىتلىكلەر مەھسۇلات مىقدارىنى تۆۋەنلىتىپ قۇدۇقلىرىنى ئېتىشكە مەجبۇر بولدى. پاختا توقۇمىچىلىق ساھەسى ئومۇميۈزلۈك تولۇق ئىشقا كىرىشەلمىدى، بۇنىڭ بىلەن سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستىلاپ قالدى. شۇڭا بىز ھەم پايدىلىق شارائىتلارنى، ئۆزىمىزدىكى ئۈستۈنلۈكلەرنى كۆرۈشىمىز، ھەم ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ۋە پايدىسىز ئامىللارنى كۆرۈشىمىز، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، تېخىمۇ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. 1999 - يىلدىكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئىنتايىن مۇشكۇل، شۇڭا ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى بىۋاسىتە ئامىللارنى تولۇق ئويلىشىشىمىز، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، يېزا ئىگىلىكى بىلەن يېزا خىزمىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشىمىز، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش بىلەن يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىنى چۆرىدەپ، يېزىلارنىڭ تەرەققىياتى بىلەن مۇقىملىقى مەسىلىسىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك. خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىپ، دېھقانلارنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. دېھقان، چارۋىچىلارنى بازارغا يۈزلەندۈرۈشىمىز، بازار ئۇچۇرىدىن خەۋەردار قىلىشىمىز، ئاددىي ھالدا مەمۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان ئىشنى قىلماسلىقىمىز كېرەك. ياخشىلىرىنىڭ تاللىنىپ، ناچارلىرىنىڭ شاللىنىشى تەبىئىي قانۇنىيەت. شەھەرلەردىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ئىجتىمائىي مۇقىملىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. كارخانا ئىسلاھاتىدا «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، دۆلەت مۈلكىنىڭ يوقىلىپ كېتىمەسلىكىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمى ۋە باج كىرىمىنى كۆپلەپ ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، دادىل ئىزدىنىپ، مەبلەغنى قايتا تەشكىللەش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ ئايرىپ چىقىرىش، خادىملارنى قىسقارتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش خىزمەت سالمىقىنى زورايتىشىمىز كېرەك. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. خىزمەت تاللاش قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئىش ئورنىدىن قالغانلارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىنىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ قىممىتىنى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلىشىمىز كېرەك. مائارىپ، پەن - تېخنىكا، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قىزىق نۇقتا مەسىلە. ئىلگىرىكى پىلانلىق ئىگىلىك شارائىتىدا، مائارىپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، داۋالىنىش قاتارلىقلارنى دۆلەت ئۈستىگە ئېلىۋالغان بولغاچقا، نۇرغۇن نۇقسانلار كۆرۈلگەن، نۇرغۇن ئادەم، مالىيە كۈچى ئىسراپ بولغان، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئېغىر دەرىجىدە بوغۇپ قويغان. ھازىر بىز پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە كېتىۋاتىمىز، بۇ ئۆزگىرىشكە ماسلىشىشىمىز كېرەك. ئاشلىق تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىمۇ مۇھىم بىر خىزمەت، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوغدىشىمىز كېرەك. ئاشلىق سېتىۋېلىشتا، باھانى قوغداش شەرتى ئاستىدا، دېھقانلار تاپشۇرغان ئاشلىقنى كەڭ دائىرىدە سېتىۋېلىشىمىز كېرەك، ئەگەر كەم سېتىۋالمىسا، شۇنى پاش قىلىش كېرەك. يەرلىك ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

ۋەكىل ھەسەن قاسىمباي مۇنداق دېدى: دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ يىللىق خىزمەت نىشانى ئېنىق، تەدبىرلەر كۈچلۈك ئىكەن. ئەمدىكى گەپ، بۇنى ياخشى تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە. شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا 21 يىل مول ھوسۇل ئېلىندى، بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سىياسەتلىرى، قارارلىرىنىڭ توغرىلىقىنى، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھازىر دېھقانلار ئاشلىقنى سېتىشنىڭ قىيىن بولۇۋاتقانلىقىنى ئىنكاس قىلىشىۋاتىدۇ. ئاشلىق سېتىۋېلىش تارماقلىرى ئاشلىقنىڭ دەرىجىسى، باھاسىنى خالىغانچە تۆۋەنلىتىۋالغاچقا، بەزى دېھقانلار ئاشلىقى بار تۇرۇقلۇق ساتمايۋاتىدۇ، تاپشۇرمايۋاتىدۇ. دېھقانلار ئاشلىقنى ساتالمىغاچقا، قولىدا پۇل بولمىغانلىقتىن، يەر تېرىغاندا ئالغان قەرزنى قايتۇرۇشقا ئامالسىز قېلىۋاتىدۇ. بەزى دېھقانلار چوڭ ئۇلاقلىرىنى سېتىپ قەرزىنى قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغا دېھقانلارنىڭ پىكرى ناھايىتى كۆپ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تېزدىن تەدبىر قوللىنىپ،

ئۇنۇملۇك چارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك
بولۇۋاتقان «قىزىق نۇقتا» مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى كېرەك. ئاپتو-
نوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار تارماقلار ئاساسىي قاتلامغا، ئاممىغا،
ئەمەلىيەتكە چۆكۈپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ كونك-
رېت ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئىگىلىشى
كېرەك. ھازىر خىلمۇخىل ناملاردىكى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ تەكشۈرۈپ
ئۆتكۈزۈۋېلىشلار بەك كۆپىيىپ كەتتى، بۇنىڭغا كەتكەن خىراجەتلەر
دېھقانلارنىڭ زىممىسىگە ئارتىپ قويۇلۇۋاتىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك
تارماقلارنىڭ شەكىلۋازلىقنى چەكلەپ، دېھقان، چارۋىچىلارغا ئەمە-
لىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

يىغىنغا سىرتتىن قاتناشقان سۇلتان جانبولاتوپ مۇنداق
دېدى: دوكلات توغرىسىدا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك تەكلىپ بېرىمەن:
1. دوكلاتتا قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى قۇ-
رۇش، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى مەركەزگە
كىرگۈزۈش ۋە ئاساسىي تۇرمۇشقا كاپالەتلىك قىلىش خىراجىتى تار-
قىتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى، دېيىلىپتۇ، مەن بۇ
گەپتىن گۇمانلىنىمەن. 2. نامرات رايونلارنىڭ مەجبۇرىي مائارىپ
قۇرۇلۇشىغا 173 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا، باشلان-
غۇچ مەكتەپلەرگە 140 مىڭ كۋادرات مېتىر ياتاق سېلىنىپتۇ، بۇ
پەقەت دۆلەتنىڭ بەرگەن مەبلىغى، ئاپتونوم رايوننىڭ قانداق مەبلەغ
بېرىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنماپتۇ. 3. ئۈرۈمچى ھاۋاسىنىڭ بۇلغىنى-
شىنى تىزگىنلەش قاتارلىق مۇھىت ئاسراش تۈرلىرى قۇرۇلۇشى
باشلاندى دېگەن گەپ بەك تومتاق بولۇپ قاپتۇ، بۇنى كۆپرەك سۆز-
لەپ، تەشۋىقات دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ھاۋا
بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئۇنى
قوللايدىغان قىلىش لازىم.

ۋەكىل ۋۇ جىڭشۇ مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن
دوكلاتنى ئاڭلاپ بەكمۇ روھلاندىم؛ مالىيە دوكلاتىنى ئاڭلاپ، كۆڭ-
لۈم يېرىم بولدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى
نىسبەتەن ئاستا بولۇپ، يىلمۇيىل مول ھوسۇل ئېلىنغان بولسىمۇ،
كىرىم كۆپەيمىدى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 80
ـ يىللاردىكى مەملىكەت بويىچە 14 ـ ئورۇندىن، بۈگۈنكى كۈندە 25
ـ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندە، بىرىن-
چى، پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتىنى چەت، يىراق دېھقانچىلىق، چار-
ۋىچىلىق رايونلىرىدا تەشۋىق قىلىش يېتەرسىز بولۇپ، ياخشى ئەمە-
لىيلەشمىگەن، يەر ھۆددىگەرلىكى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرغان. ئىككىن-
چى، دېھقانلارنىڭ سېلىقى بەك ئېغىر بولۇپ، سېلىق %5 لىك
نىسبەتتىن ئېشىپ كەتكەن. ئۈچىنچى، يېزا ئاساسىي قاتلامدىكى
بەزى كادىرلارنىڭ دېموكراتىك ئىستىلى ناچار. تۆتىنچى، دېھقان،
چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەن بولۇپ، ئۇچ-
نى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش
قىيىن. شۇڭا، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، «بىرىنچى-
دىن، سىياسەتكە تايىنىش، ئىككىنچىدىن، ئىلىم ـ پەنگە تايىنىش،
ئۈچىنچىدىن، سېلىنمىغا تايىنىش» نى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە
چەت، يىراق جايلاردىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى
قانداق قىلىپ تېز ئۆستۈرۈشنى ھۆكۈمەتنىڭ بىر چوڭ ئىشى قاتارىدا
تۇتۇش كېرەك.

ۋەكىل ئابلەت ئەۋرا مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن
دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى ئومۇمىي تەسىراتىمىز: يەنىلا كونا
رامكىدىن چىقالماي، خىزمەتلەر بۇرۇنقى كونا مۇقام بىلەن ئورۇنلاش-
تۇرۇلغان، دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ھازىر، بىر تەرەپتىن، ئاپتو-
نوم رايونىمىزنىڭ پاختىسى سېتىلمايۋاتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن،
ئالاقىدار تارماقلار شىڭشىڭشىيادا چازا قۇرۇپ، يەرلىك پاختىنى
شىنجاڭدىن چىقارتمايۋاتىدۇ. بۇنداقتا، پاختا، نېفىت ئىستراتېگىيە-
سىنى قانداق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسا-
دىي خىزمەت يىغىنىدا نۇرغۇن پىكىرلەر ئېلىنغان، لېكىن يىغىندىن
كېيىن ئۇنى تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش
يېتەرلىك بولمىدى. بۇ يىلقى ۋەزىپىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۇنى
ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، مۇشۇ نۆۋەتلىك
ھۆكۈمەت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىل-
دۇرۇشنى ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت قاتارىدا تۇتۇشى كېرەك.

ۋەكىل مەمتىمىن زاكىر مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمە-
تىدىن دوكلاتتا خىزمەتلەر ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا
خۇلاسىلىنىپ، ۋەزىپىلەر ئەمەلىي ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇنداقلا،
دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر، قىيىنچىلىقلار ۋە كەسكىن رىقابەتلەرمۇ
تولۇق نەزەرگە ئېلىنغان. مېنىڭچە، دوكلات ئەترابلىق ھەم ئويېك-
تىپ بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن. ئاپتونوم رايونىمىز-
نىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ياخشى. لېكىن
ئۇ مۇھىت بۇلغىنىش، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى ـ خىز-
مەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، سىرتتىن كەلگەن ئاققۇن-
لارنى باشقۇرۇش قاتارلىق كۆپ تەرەپتىكى مەسىلىلەرگە دۇچ كەل-
مەكتە. بۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بولۇپمۇ، ئىج-
تىمائىي مۇقىملىق جەھەتتە بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ، بۇ خىز-
مەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش لازىم. ئاپتونوم رايوننىڭ 1999
ـ يىللىق ئىقتىسادنى ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەش نىشانىدا،
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ
ئېشىش نىسبىتى %8 قىلىپ بېكىتىلدى. بۇنى ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتى تولۇق تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئاساسىدا بېكىتكەن.
دەرۋەقە، بۇنى ئىجرا قىلىشتا بەزى يېڭى مەسىلىلەر، يېڭى ئەھۋال-
لارغا دۇچ كېلىمىز. بۇ يىل بەش تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى
ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىمۇ بەزى مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايى-
مىز. لېكىن مەركەزنىڭ مەبلەغ قاتارلىق جەھەتلەردە شىنجاڭغا ما-

يىل بولۇش سىياسىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغانلا بولساق، كۆزلىگەن نىشانغا چوقۇم يېتەلەيمىز.

ۋەكىل سەۋىردىن ئۆمەر مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونىمىز 1998 - يىلى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن ئەھۋالدىمۇ خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات پىكىر يوللىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن. مەن قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىدىن رازى بولدۇم. پارتىيىنىڭ 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەركىزىي كومىتېت يېزا خىزمىتى يىغىنىدا يېزا خىزمىتى توغرۇلۇق بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭدىن دېھقانلار مەمنۇن. لېكىن، ھازىر دېھقانلار سېلىقى مەسىلىسى يەنىلا دېھقانلار كۆپرەك ئىنكاس قىلىۋاتقان ھەم پىكرى كۆپرەك بولۇۋاتقان مەسىلە بولۇپ قالدى. گەرچە كەنت قالدۇرۇۋقى بىلەن يېزا يىغىمىسى %5 تىن ئېشىپ كەتمىگەن بولسىمۇ %5 سىرتىدا سۇچىلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا ھەق ئېلىش ئەھۋاللىرى يەنىلا بار. بىر ئېرىق سۇنى بىر سوتكا ئىشلىتىشنىڭ ھەققى 1997 - يىلدىكى 290 نەچچە يۈەندىن 397 يۈەنگە ئۆستى. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار سۇ ھەققىدىن قېچىپ ئىككى تاغار ئاشلىقنىڭ كۆزىگە قارىماي، زىرائەتنى تۆت قېتىم سۇغىرىشنىڭ ئورنىغا ئىككى قېتىم سۇغىرىدىغان بولدى. يېزىلاردا «بەشتە بىر تۇتۇش» بولۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن دېھقانلار ئۆز ئالدىغا ھەل قىلالمايدىغان ئىشلار ھەل بولدى. لېكىن بەزى يېزا - بازارلار دېھقانلارنى ئۆزى خالىمىغان زىرائەتلەرنى تېرىشقا مەجبۇرلىدى. 2 - نۆۋەتلىك يەر ھۆددىسىدە، ئايرىم جايلار دېھقانلاردىن قەرز يىغىشنى يەر ئىشلىتىش ئىجازەتنامىسى بېرىشكە چېتىۋېلىپ، دېھقانلار قەرزنى تۆلىمىسە ئۇلارغا ئىجازەتنامە بەرمىگەن. شۇڭا، دېھقانلار سېلىقنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى چوقۇم ئەستايىدىل ئىشلەپ، دېھقانلارغا ئۆزىنى روسلىۋېلىش پۇرسىتى بېرىلسە؛ دېھقانلارنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتكەن سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرى توختىتىلسا؛ سۇ ھەققى ئۆستۈرۈلمىسە. دېھقانلارنى كەسىپلەر قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە يېتەكلەپ، قانداق زىرائەت تېرىشقا باپ كەلسە، شۇنى تېرىش كېرەك. ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىپ، دېھقانلارنى ئۈنۈمى يوق زىرائەتلەرنى تېرىشقا مەجبۇرلىماسلىق لازىم.

ۋەكىل ۋاڭ چۈەنيۇ مۇنداق دېدى: دوكلاتتا بۇلتۇرقى خىزمەتلەر ئىنتايىن ئەتراپلىق يەكۈنلىنىپتۇ. بىز بۇلتۇر ئىنتايىن زور قىيىنچىلىققا ئۇچرىدۇق. ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى، جەنۇبىي جۇڭگودا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان كەلكۈن ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بوران ئاپىتى، ئۈششۈك، تۆۋەن تېمپېراتۇرا، يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ تەسىرى خىزمەتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇۋەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، مەملىكەتنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 111 مىليارد 500 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، بۇلتۇرقىدىن %3.7 ئاشتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 29 مىليارد يۈەن كۆپىيىپ، بۇلتۇرقىدىن %7 ئاشتى؛ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 30 مىليارد يۈەن كۆپىيىپ، بۇلتۇرقىدىن %7.2 ئاشتى؛ يەرلىك مالىيە كىرىمى 6 مىليارد 55 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقىدىن %15 ئاشتى؛ بازار مۇقىم، باھا تۆۋەن بولدى؛ دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ئىگىلىك بىر ئاز تەرەققىي قىلدى، يەككە ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئېشىش ئومۇمىي سوممىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا %13.1 ۋە %16.1 ئاشتى، يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت - سودا باج كىرىمىنىڭ %27.4 نى ئىگىلىدى؛ مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ كۆپەيدى، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئوڭۇشلۇق بولدى. تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلار زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ئىشلار ئومۇميۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلىدى. دوكلاتتا بىڭتۈەننىڭ خىزمەتلىرى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بىڭتۈەن مەملىكەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 16 مىليارد 350 مىليون يۈەن ئورۇندىدى، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %10 ئاشتى. بىڭتۈەننىڭ بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى، ھەر قايسى تارماقلارنىڭ قوللىغانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ. ئۆتكەنكى بىر يىلدا بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ ئىتتىپاقى يەنىمۇ كۈچەيدى، بەزى جايلاردا سۇ، يەر ۋە ئوتلاق ماجىراسى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ۋاقتىدا بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلىندى. قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە بىڭتۈەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى، تارباغاتاي ۋىلايىتى ۋە يېزا ئىگىلىك 9 - دىۋىزىيىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى. يۇقىرىقى نەتىجىلەر خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىنتايىن پايدىسىز ئامىللار تەسىر كۆرسەتكەن ئەھۋالدا قولغا كەلدى، بۇنىڭ قولغا كېلىشى ئاسان بولمىدى. دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 1999 - يىللىق ۋەزىپىلەر ئىنجابىي، سالماق، تەرەققىيات نىشانى %8 بولۇپ، بىر قەدەر ئوبيېكتىپ، ئەمەلىي بوپتۇ. دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى سەككىز تۈرلۈك ئومۇمىي پىكىر ۋە ئومۇمىي تەلەپ ناھايىتى ئېنىق، كونكرېت بوپتۇ. بۇلار تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشتا مۇھىم يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يىلقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش قاتارلىق

خىزمەتلەر ئۈستىدە كونكرېت نىشان ۋە تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇل.
غان. بۇ يىلقى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا ئىشەنچىمىز كامىل. بىز
يېڭى ئۈسۈش نۇقتىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز، يېڭى بازار ئېچىشى.
مىز، تەڭشەش ـ تىزگىنلەش ۋە يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشىمىز،
كارخانىلارنى قويۇۋېتىشىمىز، جانلاندۇرۇشىمىز، ساياھەتچىلىك
ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم. جاسارەت بىلەن 2 ـ
قېتىم ئىگىلىك يارىتىپ، بىكتۇەندە يەنە شانلىق نەتىجىلەرنى يارى.
تىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، بوز يەر
ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرا رايوننى قوغداشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنى
ئادا قىلىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

ۋەكىل ئىسمايىل تىلىۋالدى مۇنداق دېدى: رەئىس ئابلەت
ئابدۇرېشىتنىڭ خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن بەرگەن خىزمەت دوكلا.
تىدا ئۆتكەن يىلدا قولغا كەلتۈرۈلگەن تۈرلۈك نەتىجىلەر ھەقىقەتنى
ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ھەمدە بۇ
يىلقى تەرەققىيات تەسەۋۋۇرى، نىشانى ۋە ۋەزىپىلەر ئېنىق ئوتتۇرىغا
قويۇلغان. دوكلاتقا باشتىن ئاخىر ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىمە.
لىقتىن ئىبارەت ئاساسىي ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن ھەمدە ئۇنىڭدا باش
شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇ.
ھىم سۆزىنىڭ روھى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مەن مۇنداق بىر قانچە
تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويماقچى: قەشقەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي
قىلدۇرۇشتا چوقۇم ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا يۇكسەك دەرىجىدە
ئەھمىيەت بېرىش، بۇ جەھەتتە قەتئىي بوشىشىپ قالماستىن، پاختى.
چىلىق تەرەققىياتىنى تۇتۇشتىن ھەرگىز تەۋرىنىپ قالماسلىق، چار.
ۋىچىلىقنى ۋە ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان دېھقانچى.
لىقنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
يەككە ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. يېزا
ئىگىلىكى قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىدە مۇھىمنىڭ مۇھىمى
ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ يادروسى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش.
دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش ۋە پارتىيىنىڭ يېزا سىياستى.
نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىمىز.
نىڭ چىقىش نۇقتىسى. مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات قەشقەرنىڭ خىزمەت.
لىرىدىكى ئاساسىي تېما ھېسابلىنىدۇ. تەرەققىيات ۋە ئۇلۇغۋار نى.
شانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىمى بىر تىنچ سىياسىي مۇھىت بولۇ.
شى لازىم. شۇڭا چوقۇم سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ياخشى
ساقلاشقا، ئامما ئارىسىغا بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىغا كەڭ ۋە چوڭقۇر
چۆكۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم ۋە سوتسىيالىزم تەربىيە.
سى ئېلىپ بېرىپ، دىن ئىشلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە
كۈچەيتىشكە، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز پائالىيەتلەرگە قەت.
ئىي قارشى تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قاتتىق
زەربە بېرىش كۈرىشىنى يەنىمۇ داۋاملاشتۇرۇپ، «ئۈچ خىل كىشى.
لەر» گە زەربە بېرىش سالمىقىنى زورايتىش، ھەر دەرىجىلىك كادىر.
لارنىڭ ساپاسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام ھاكى.
مىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن
ياخشى ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىت يارىتىشى لازىم.

ۋەكىل ئابدۇقادىر نەسىردىن مۇنداق دېدى: رەئىس ئاب.
لەت ئابدۇرېشىتنىڭ دوكلاتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە
ئۇيغۇن. 1999 ـ يىللىق ۋەزىپە ئېغىر، مۇساپە ئۇزۇن. ئۈمىد
بىلەن قىيىنچىلىق بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بولۇپمۇ
قەشقەر ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق، پاختا بازىسى بول.
غانلىقتىن بۇ جەھەتتە تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. پاختا قەشقەرنىڭ ئاساس.
لىق ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتى بولۇپ، ئۇنى باشقا ئىشلەپچىقىرىش
بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا كۆلەمنى مۇقىملاشتۇرۇش
ئاساسىدا سورتنى ياخشىلاپ بىرلىك مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش
ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش لازىم. نۆۋەتتە پاختىنىڭ
بازىرى سۇسلاپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق. كۆپچىلىك
بۇ جەھەتتە توغرا تونۇشتا بولۇشى، ئىدىيىۋى داۋالغۇشنى تۈگىتىشى،
ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشى لازىم. ئاشلىق ئىشلەپچىقى.
رىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش ۋە
ئېشىنچە ئاشلىق بولۇشتا كاپالەتلىك قىلىش، مۇشۇ ئاساستا ئىقتى.
سادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىلىرى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش لازىم.
نۆۋەتتە قەشقەر ناھايىتى ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتىگە يۈزلىنىۋاتى.
دۇ. ئايرودرومنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، تۆمۈر يول
تۇتۇشۇش ئالدىدا تۇرىدۇ. كۆپچىلىك ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈپ،
ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىلىرىنى توغرا تاللاش كېرەك. مې.
نىڭچە، قەشقەرنىڭ مېۋە ـ چېۋىلىرى مول، تۈرى كۆپ، شۇڭا بۇ
جەھەتتە كۆلەمنى كېڭەيتىش لازىم؛ ئىككىنچىسى، نۆۋەتتە چارۋىچى.
لىقنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى كەڭ، سېتىپ چە.
قىرىش يوللىرى كەڭ بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا مەھسۇلات سۈپىتىنى ياخشى.
لاپ، چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم؛
ئۈچىنچىسى، قەشقەرنىڭ ساياھەت بايلىقى مول، شۇڭا بۇ جەھەتتىكى
ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ساياھەتچىلەرنى جەلپ
قىلىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش لازىم؛ تۆتىنچىسى، ئىدىيىنى ئازاد
قىلىپ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن قوللاش ۋە راۋاجلان.
دۇرۇش كېرەك؛ بەشىنچىسى، ئىسلاھات سالمىقىنى زورايتىپ،
ئىجتىمائىي كاپالەتكە، داۋالىنىش، ئولتۇراق ئۆي قاتارلىق جەھەت.
لەردىكى ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئىشتىن بوشىغان
ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك؛ ئالتىن.
چىسى، مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئاشۇ.
رۇۋەتمەسلىك لازىم؛ يەتتىنچىسى، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىمە.
لىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم، ھەر دەرىجى.
لىك كادىرلار كۆز قاراشنى يېڭىلاش، پوزىتسىيىسى ئېنىق، مەيدانى
مۇستەھكەم بولۇش، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قەتئىي

زەربە بېرىشى لازىم.

**ۋەكىل خەلچەم ئىسلام مۇنداق دېدى:** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ياخشى ئېچىلىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئۆتكەن يىلى ئىقتىسادنى يەرشارىلاشتۇرۇش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى بىلەن ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ ئېغىر تەسىرىگە ئۇچرىغان ئەھۋالدىمۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، خىرىسقا ناقابىل تۇردى، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى چارە - ئامىللار بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل تەرەققىياتى ۋە تۈرلۈك ئىشلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىشىنى كاپالەتلەندۈردى، بۇنىڭ بىلەن خەلق ئىگىلىكى قىيىنچىلىق ئىچىدە تۇرۇپمۇ يەنىلا راۋاجلاندى. 1999 - يىللىق خىزمەتلەرگە نىسبەتەن مۇنداق ئۈچ تەكلىپىم بار: بىرى، پاختا بىلەن نېفىتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چارۋىچىلىق ۋە باغۋەنچىلىككە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش، ئۇنى دېھقانچىلىق رايونلىرىدىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. ئىككىنچىسى، يەككە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇقىملىقنى مۇستەھكەملەش لازىم.

**ۋەكىل مەمەت ھەسەن، لياڭ ئەيمىن مۇنداق دېدى:** يېڭى بىر يىلدا رەئىس جياڭ زېمىننىڭ ھەربىي رايون ۋە قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدىكى مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تاشقى جەھەتتە تاجاۋۇزچىلىققا، ئىچكى جەھەتتە ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى تۇرۇشتەك قوش فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا تۆھپە قوشىمىز. مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۇرۇشلۇق جاينى يۇرتۇم دەپ بىلىپ، خەلقنى ئۆز تۇغقىنىمىزدەك كۆرۈپ، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز.

**ۋەكىل ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇنداق دېدى:** ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، ئىلى ۋىلايىتى سىياسىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى، ئىقتىسادى راۋاجلاندى، ئومۇمىي ۋەزىيەت ياخشى بولدى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭكى بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى بىلەن دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئېھتىياجنىڭ يېتەرسىز بولۇش تەسىرى تۈپەيلىدىن، دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى كۆزلەنگەن نىشانغا يەتمىدى. بىراق ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىدا مەلۇم دەرىجىدە ئېشىش ساقلاپ قېلىندى. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسپى، بولۇپمۇ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن يەنىلا يۇقىرى بولدى، مۇشۇ نەتىجىلەر ئاسان قولغا كەلمىدى. شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان پەرقنى ئازايتىش ئۈچۈن، مەيلى جۇغراپىيىلىك ئورۇن ياكى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىنتايىن زۆرۈر. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە مەملىكەت بويىچە ھاللىق سەۋىيىگە ئورتاق يېتىشتە مەلۇم تەرەققىيات سۈرئىتى بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭا بىز دۇچ كېلىۋاتقان پايدىلىق شارائىت ۋە پۇرسەتنى كۆرۈشىمىز، بولۇپمۇ پايدىلىق شارائىتنىڭ پايدىسىز ئامىللاردىن كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈشىمىز كېرەك. روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بۇ يىللىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. بۇ يىل ئاپتونوم رايوننىڭ ۋەزىپىسى — مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى %8 ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. شەرت - شارائىتى بار كەسىپلەر ۋە جايلار تەرەققىياتنى تېزلىتىشى كېرەك. بىراق شۇنى تونۇۋېلىش كېرەككى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئېشىش كۆرسەتكۈچى بۇيرۇق خاراكتېرلىك بولماستىن، يېتەكچى خاراكتېرلىك، مۆلچەر خاراكتېرلىك بولىدۇ، جايلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشى، ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، سۈرئەت، سۈپەت، ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، تېزلىتىشكە بولىدىغانلىرىنى تېزلىتىش لازىم، بىراق چوقۇم ھەقىقىي بولۇشى كېرەك. ئىلى ۋىلايىتى مول سۇ، تۇپراق بايلىقىغا، كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقىغا ۋە جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە، بىر قانچە يىلدىن بۇيان، قاتناش، خەۋەرلىشىش، ئاۋئاتسىيە قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ قاتتىق مۇھىتى ياخشىلاندى، «5 - فېۋرال» ۋەقەسىدىن كېيىن، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە يەنە قاتتىق زەربە بېرىلدى، مۇقىملىق خىزمىتى پۇختا، ئۈنۈملۈك ئىشلەندى، بۇنىڭ بىلەن ياخشى يۇمشاق مۇھىت ھازىرلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى ئېچىش، جىڭ - ئىلى تۆمۈر يولى، كۈيتۇن - سايرام يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولى قاتارلىق چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەندى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى پارلاق. بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە تەرەققىيات پۇرسىتىنى تۇتۇپ، پايدىلىق شەرت - شارائىتلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، تۈرلۈك كۈچلۈك تەدبىرلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش يەنە تەرەققىي قىلدۇ-

رۇش كېرەك. هازىرقى ئاساستا، هەر يىلى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈپ،
ئىلنى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ۋەكىل ئەسقەت كېرىمباي مۇنداق دېدى: رەئىس ئابلەت
ئابدۇرېشىتنىڭ دوكلاتىدا ئۆتكەن يىللىق تۆرلۈك خىزمەتلەر ئومۇ-
مىيۈزلۈك يەكۈنلەنگەن. ھەمدە 1999 - يىللىق كۈرەش نىشانى ۋە
تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۆتكەن يىلى ئاپتونوم رايونىمىز تۆرلۈك
قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى، بىراق يەنىلا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش
ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %7.3 ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى، بۇ ئې-
شىش ھەقىقەتەن ئاسان قولغا كەلمىدى. ئۆتكەن يىلى شەرقىي جەنۇ-
بىي ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ تەسىرىدە، ئاپتونوم رايونى-
مىزدا سانائەتنىڭ ئېشىشى بىر قەدەر ئاستا بولغان بولسىمۇ، بىراق
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن مول - ھوسۇل ئېلىنىپ، ئىقتىسادنىڭ
ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى، بۇ — ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق
ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر نىيەتتە
تىرىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بىز ئۈنۈملۈك سۈرئەتكە
مۇھتاج، ئۆتكەن يىلى ئىشقا ئاشۇرۇلغان %7.3 لىك ئېشىش سۈر-
ئىتى ئەمەلىي ئاشقان سۈرئەت. بۇ يىل بېكىتىلگەن %8 لىك ئېشىش
نىشانىنى پۈتۈنلەي ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا بىزدە ئىشەنچ
بولۇشى كېرەك، پايدىسىز ئامىللار بولسىمۇ پايدىلىق ئامىللار كۆپ.
بىرىنچى، 15 - قۇرۇلتاينىڭ روھى ۋە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي
كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى، باش شۇجى جياڭ
زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزى بىزگە كۈچ
بەخش ئەتتى. ئىككىنچى، دۆلەتنىڭ ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا
بولغان سېلىنمىنى زورايتىشى بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقان-
چىلىقتىن ئۇدا 20 يىل مول ھوسۇل ئېلىشى ئىقتىسادىي خىزمەتلەر-
نى ياخشى ئىشلىشىمىز ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى، ئۈچىنچى،
بىزدە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ يېڭى نۇقتىلىرى بار. مەسىلەن،
ساياھەتچىلىك قاتارلىقلار. 1999 - يىل — چوڭ تەرەققىيات بولىدى-
غان يىل، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يېڭى ئىگىلىك ۋە يېڭى
خىزمىتى يىغىنى ھەم ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتو-
نوم رايونىمىزدا غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى تېز را-
ۋاجلاندۇرۇش دولقۇنى شەكىللەندى. ئاپتونوم رايون داڭلىق مارك-
لىق مەھسۇلات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، بىر تۈركۈم داڭلىق
مەھسۇلاتلارنى ياراتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى،
كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىدىمۇ
رولىنى جارى قىلدۇردى. بۇ جەھەتتە پايدىلىق شارائىتلار ناھايىتى
كۆپ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىلى ۋىلايىتى ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈن-
لۈكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپلا قالماس-
تىن، مۇقىملىق خىزمىتىنىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلىدى. ۋىلايەتلىك پارت-
كوم، مەمۇرىي مەھكىمە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ
بولىيورۇقىنىڭ روھى بويىچە مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە كۈچلۈك زەربە
بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مۇ-
قىملىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ئوت-
تۇرا ئاسىيا بازىرىدا. نۆۋەتتە ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەرنىڭ بازارلىرى
جانلانمىسا، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا
يەنە بىر جەريان بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق دېھقانچىلىق، چارۋى-
چىلىق، ساياھەتچىلىك، كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش، ئىلى دەريا
ۋادىسىنى ئېچىشتا يوشۇرۇن كۈچلەر ناھايىتى كۆپ، ئىستىقبال
ناھايىتى ياخشى. ئىلىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشەنچ بو-
لۇش كېرەك. ئىلى چوقۇم پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئالدىدا مېڭىشى كې-
رەك.

ۋەكىل ھەسەنبېك تۇردى مۇنداق دېدى: رەئىس ئابلەت
ئابدۇرېشىتنىڭ دوكلاتىدا داۋاملىق تۈردە ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن
ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ بىزنىڭ قىزىل-
سۇدەك چەت، نامرات ئوبلاست ئۈچۈن ئېيتقاندا تېپىلغۇسىز پۇر-
سەت، بىز بۇ دوكلاتقا قوشۇلىمىز. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
مۇنۇلارنى تەكلىپ قىلىمەن: بىرىنچى، قىزىلسۇ ئىنتايىن مۇھىم
جۇغراپىيىلىك ئورۇنغا ئىگە، چېگرا لىنىيىسى ئۇزۇن، ئىقتىسادى
ئارقىدا قالغان، ئاپتونوم رايون سىياسەت جەھەتتە مۇۋاپىق مايىللاش-
سا. ئىككىنچى، يېزا - بازار شىپاخانا قۇرۇلۇشىنى دېھقان، چارۋى-
چىلارنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل
قىلىشنىڭ مۇھىم كونتېرتىپى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەسلىھە
قۇرۇلۇشىنى، بولۇپمۇ چەت، نامرات رايونلاردىكى دېھقان، چارۋىچە-
لارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتقا يېتەكچىلىك ۋە مۇلازىمەت قىلىشنى كۈچەي-
تىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاياللارنىڭ ساغلام-
لىقىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئۈچىنچى، چارۋىچىلارنى ئولتۇراق-
لاشتۇرۇشقا سېلىنىدىغان مەبلەغ سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش كې-
رەك. تۆتىنچى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى يەنىمۇ مۇس-
تەھكەملەپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەسلىھەلىرىنى پىلانلىق
قۇرۇپ، سۇ ئاپىتى قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن
تۈگىتىش لازىم. بەشىنچى، مۇقىملىق خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، شۇنداقلا ئىق-
تىسادىي تەرەققىياتنىڭ تۈپ تەلىپى، شۇڭا ئۇنى چوقۇم چىڭ، ياخشى
تۇتۇش لازىم. قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

ۋەكىل ۋاڭ لىچۇەن مۇنداق دېدى: ۋەكىللەر ۋە ھەر دەرى-
جىلىك رەھبىرىي كادىرلار نۆۋەتتە بىز دۇچ كېلىۋاتقان ئىقتىسادىي
ۋەزىيەتتىكى ئىككى چوڭ مەسىلىنى ئېنىق تونۇپ يېتىشى كېرەك:
بىرىنچى، ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىنىڭ دۆلىتىمىزگە بولغان
تەسىرى خېلى زور بولدى. ئاسىيادا پارتلىغان پۇل مۇئامىلە كرىزى-
سىنىڭ يوشۇرۇن ئامىللىرى يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان مەۋجۇت
بولۇپ كېلىۋاتقان، پەقەت 1998 - يىلى مەركەزلىك پارتلىدى. بۇ

قېتىمقى پۇل مۇئامىلە كرىزىسى ئاسىيادىلا ئەمەس، بەلكى ياۋروپا، جەنۇبىي ئامېرىكا ۋە ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىدىمۇ ناھايىتى زور داۋالغۇش پەيدا قىلىپ، دۇنيا ئىقتىسادىغا خېلى زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن سېتىۋېلىش كۈچى ئاجىزلاپ، خەلقئارا بازاردا نۇرغۇن تاۋارلارنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتتى، دۆلىتىمىز ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەت ئۈستۈنلۈكى ئاجىزلاپ، دۆلىتىمىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشىغا تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت ئىچى بازارلىرىدا بىۋاسىتە داۋالغۇش پەيدا قىلدى. ئىمپورت كۆپ مىقداردا ئېشىپ كەتكەچكە، چەت ئەل تاۋارلىرى دۆلەت ئىچىدىكى بازارلارنى ئىگىلىۋېلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئوخشاش تۈردىكى مەھسۇلاتلىرى ئىنتايىن پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى %40 ئۆيچۆرىسىدىكى دېھقاننىڭ كىرىمى پاختىغا تايىناتتى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقئارا بازاردىن كۆپ مىقداردا پاختا، پاختا يىپ ۋە ئۇنىڭ توقۇلما بۇيۇملىرى دۆلىتىمىز بازارلىرىغا كىردى، بۇنىڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭكىگە ئوخشاشلا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پاختىسىنىمۇ سېتىش تەس بولدى، دۆلەت سېتىۋالغان پاختىنى زاپاس ساقلاشقا مەجبۇر بولدى. بۇ يىل دۆلەت پاختىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى 500 يۈەن دەنگە تەڭشەيدۇ، ئەگەر شىنجاڭمۇ 500 يۈەن دەنگە چۈشۈرمىسە، مۇقەررەر ھالدا پاختىنى يەنە ساتالمايدۇ. شۇڭا شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، دۆلەت بېكىتكەن باھا ئاساسىدا ئاپتونوم رايون يەنە %5 چۈشۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەركەز شىنجاڭنىڭ پاختا باھاسىنى 450 يۈەن دەنگە چۈشۈرۈشنى، يەنى ھەر بىر دەننى ئۆتكەن يىلدىكىدىن 120 يۈەن چۈشۈرۈشنى تەۋسىيە قىلىۋاتىدۇ. نېفىتتىمۇ شۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت. خەلقئارا بازاردا نېفىتنىڭ باھاسى ناھايىتى ئەرزان، ئەسلىدىكىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىچىلىكلا بولۇپ قالدى، بۇمۇ دۆلىتىمىزنىڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە نېفىت ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى بازىرىغا تەسىر كۆرسەتتى. ئىككىنچى، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشى دېگەندەك ئۆزگەرمىدى. بازار ئارقىلىق تەڭشەش نەتىجىسىدە سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا لايىقلاشتۇرغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر ئۇنىڭ تەننەرخى تۆۋەنلىمىسە، يەنىلا سېتىلمايدۇ، بازارغىمۇ ئويغۇنلىشالمايدۇ. ئاددىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئۆز جايىمىزدىكى بازارلارنى قوغدىغان بىلەنمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. چوڭ ئىقتىسادىي مۇھىت ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ، بازارنى ھەقىقىي تۈردە يېتەكچى قىلىش، مەھسۇلاتلارنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىمىزگە تايىنىپ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىمىزنى چەك تۇتقاندىلا ئۈمىد تۇغۇلىدۇ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى كەسىپ ئۈستۈنلۈكىگە ئايلاندۇرۇش، كەسىپ ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا بىر جەريان كېتىدۇ، لېكىن بۇ جەريان ھەرگىز بەك ئۇزاق بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. شىنجاڭدىكى ئىككى چوڭ مەسىلە، يەنى پاختا ۋە نېفىت مەسىلىسىدە، دۆلەت سىياسەت جەھەتتىن ئالاھىدە ئېتىبار بەردى ۋە قوللىدى. مەسىلەن، پاختىنى ئالساق، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ پاختىسى يىلىغا 2 مىليون 300 مىڭ دەندىن كۆپرەك ئېشىپ كەتتى. 1998 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاختىسى 29 مىليون 500 مىڭ دەنگە يېتىپ، 1997 ـ يىلدىكىدىن 7 مىليون دەندىن كۆپرەك ئاشتى، ئەمەلىي ئاشقىنى بۇنچە كۆپ ئەمەس. 1997 ـ يىلى مەلۇم مىقداردىكى پاختا تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىغا كىرمەي، پاختا ئوبوروتى ھالقىلىرى سىرتىدا ئايلاندى، بۇرۇن مەملىكەت بويىچە پاختا ئىستېمالى 70 ـ 80 مىليون دەنگە يېتەتتى، ھازىر مۆلچەرلىنىشىچە 60 مىليون دەندىن ئاشمايدۇ. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى پاختىنى سېتىش ئەھۋالى تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس، بىز بۇ ھەقتە مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارغا دوكلات قىلدۇق. مەركەز ۋە گوۋۇيۈەن شىنجاڭنىڭ 1998 ـ يىلى 8 مىليون دەن پاختا ئېكسپورت قىلىشىغا قوشۇلدى، بۇنىڭ ھەر توننىسىغا 3000 يۈەن ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئىچكىرىگە 7 مىليون دەن يۆتكىلىدۇ، ئۇنىڭ ھەر توننىسىغا 2000 يۈەن ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ. مۇشۇ ئىككى تۈردىلا دۆلەت 2 مىليارد 150 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ شىنجاڭنى قوللايدۇ. مەركەز باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ پاختا تېرىلغۇ كۆلىمىنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلدى، ئەمما شىنجاڭنىڭ ئازايتىشىنى تەلەپ قىلمىدى. دۆلەت يەنە ھەر يىلى 250 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، شىنجاڭنىڭ پاختا بازىسى قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىدۇ، بۇنداق ئەھۋال ئاز كۆرۈلىدۇ، بۇ مەركەزنىڭ شىنجاڭغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىدۇ. نېفىتتىمۇ شۇنداق، ترانسپورت مۇساپىسى ئۇزۇن بولغاچقا شىنجاڭ نېفىتىنىڭ تەننەرخى يۇقىرى، شۇڭا باھاسى ئىچكىرىنىڭكىدىن قىممەت. لېكىن مەركەز شىنجاڭنىڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىشىغا چەك قويۇش ياكى ئىشلەپچىقىرىشنى كېمەيتىشنى تەلەپ قىلغىنى يوق، بۇمۇ مەركەزنىڭ غەمخورلۇقىنى نامايان قىلىدۇ. تۇرپان ۋىلايىتىدە 1998 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا كۆرۈلگەن 1000 مو بۇغدايلىقنى ئاغدۇرۇۋېتىپ كېۋەز تېرىش ئىشى قاملاشمىدى. «بەشنى بىر تۇتاش ئېلىپ بېرىش» مەسىلىسىنى توغرا چۈشىنىپ، ئوبدان ئىگىلەش كېرەك. ئۇ ئىشلەپچىقىرىشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ، ئەمما ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. زىرائەتلەر بەك تارقاق تېرىلىپ كەتسە، پەرۋىش قىلماق تەس، باشقۇرۇشقىمۇ بىئەپ. چوڭ دائىرىدە نىسبىي ھالدا مەركەزلەشتۈرۈپ، دائىرىلەش زۆرۈر. دېھقانلار نېمە تېرىغۇسى كەلسە شۇنى تېرىسىمۇ بولمايدۇ،

ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئۇنى ياخشى ئىگىلىشى لازىم. بۇندىن كېيىن باشقا جايلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، ياخشى سەناق قىلىش كېرەككى، خالىغاننى قىلىشقا قىلچە بولمايدۇ.

ۋەكىل ئانار سۇيۇنباي مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، نادىر ئەسەر ئىستراتېگىيىسىنى قانداق يولغا قويۇش، ئاساسىي مىلودىيىنى ياڭرىتىش، مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈستىدە ناھايىتى ئوبدان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىلى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاپتونوم ئوبلاست، قازاق مىللىتىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەردە مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە، لېكىن ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئويۇن قويۇش پۇرسىتى ئانچە كۆپ ئەمەس. ئىلى ئوبلاستى 1993 - يىلى مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇشنى باشلىغانىدى، لېكىن مەبلەغ نەقلەشمىگەنلىكى ئۈچۈن بىنا ئىككىنچى قەۋەتكىچىلا سېلىنىپ توختاپ قالدى. مەدەنىيەت - سەنئەتنى يېزىمىزغا چۆشۈرۈشتە ئاساسىي قاتلام ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ قاتناش قورالى يوق، بەزى ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئىنتىپاق ئەمەس، مانا بۇلار نومۇرلارنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزدى. بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ۋە مەدەنىيەتكە مەسئۇل تارماقلارنىڭ كۆپرەك چارە ئويلاپ، كۆپرەك ئەقىل كۆرسىتىپ ھەل قىلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ۋەكىل نۇر روزى ھەسەن مۇنداق دېدى: پاختىنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلگەنىكەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسىمۇ چۈشۈرۈلۈشى لازىم. ھازىر دېھقانلارنىڭ ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى سېلىقى ناھايىتى ئېغىر بولۇۋاتىدۇ، دۆلەت ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا بولغان سېلىنمىنى كۆپەيتىشى لازىم.

ۋەكىل مونى تابىلدى مۇنداق دېدى: تاشقورغان ناھىيىسى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسى بولۇپ، 888.5 كىلومېتىرلىق چېگرا لىنىيىسى بار. ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلار ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش بىلەن بىرگە قانۇنسىز ھالدا چېگرىدىن كىرگەن ئادەملەرنى كۆپ قېتىم تۇتۇپ قولغا چۈشۈردى، بىرمۇ ئادەم ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ چەتكە قاچىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىدى، ھەممەيلەن چېگرا رايوننى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. بۇ ناھىيە دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تۇرلۇك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولدى. سېلىنما يىلدىن يىلغا كۆپەيدى، 1998 - يىلى پەقەت قاتناش، ناھىيە - يېزا يول قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگەن مەبلەغلا 70 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇ ناھىيىنىڭ قاتناش، خەۋەرلىشىش، ئېلېكتر ئېنېرگىيە

ئەھۋالى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، لېكىن تاشقورغان ناھىيىسى نۆۋەتتە يەنىلا ناھايىتى نامرات بولۇپ، مائاشنى ۋاقتى - ۋاقتىدا بېرەلمەيدۇ، ھازىر ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۈچ ئايلىق مائاشىنى بېرەلمىدى. بۇنىڭغا ئاپتونوم رايوننىڭ ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. قەشقەر ۋىلايىتى — نامرات ۋىلايەت بولۇپ، مالىيە ئەھۋالى ناھايىتى قىيىن، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا مادارى يوق. ناھىيە مالىيىسىنى ئاپتونوم رايوندا ئايرىم كۆرسىتىشكە تەكلىپ بېرىمىز.

ۋەكىل رازىيە قادىر مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە مائاش ۋاقتىدا تارقىتىلماي، كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى قىيىن بولۇپ، پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشى كاپالەتكە ئېرىشەلمىدى. ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتتا مائاش تارقىتىشنى كاپالەتلەندۈرۈش كۆرسىتىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسىغا بولغان غەمخورلۇقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش مەسىلىسىنى مەركەز قايتا - قايتا تەكىتلىدى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرمۇ نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى، بىراق، ھازىر يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسى يۇقىرى، ئەمما يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى تۆۋەن بولۇپ، دېھقانلارغا پايدا بولمايۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋالغا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ۋەكىل مۇھەممەت ئىمىن مۇنداق دېدى: يەكەن ناھىيىسى ئاھالىسى كۆپ ناھىيە بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 140 مىڭ، لېكىن بەزى سىنىپلار يەنىلا ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە سېلىنغان، ناھايىتى قىستا - قىستاڭ بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى سالامەتلىكىگە پايدىسىز بولماقتا. شۇنداق بولسىمۇ، مائارىپ خىراجىتى قىس بولغاچقا، نۆۋەتتە يەنە ئاز كەم 220 سىنىپلىق ئوقۇغۇچى مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشتىن مەھرۇم قالدى. ئوقۇغۇچىلار كۆپ، ئوقۇتقۇچىلار كۈچى ناھايىتى يېتەرسىز، ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولۇپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش سۈپىتىگە تەسىر يەتمەكتە. ئاپتونوم رايوننىڭ بۇنىڭغا ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. يەكەن ناھىيىسىدە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ۋەزىپىسى ئېغىر، ھەر يىلى نۇرغۇن ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاپتونوم رايوندىن يەكەن دەرياسىنىڭ يەكەن ناھىيىسى بۆلىكىدە مەڭگۈلۈك كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش دامبىسى ياساشقا تەكلىپ بېرىمىز. يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىدە يەكەن ناھىيىسىنىڭ يەتتە يېزا - بازىرى، 170 مىڭ ئاھالىسى بار. دەريانىڭ شەرقى بىلەن ناھىيە بازىرى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك بولمىغاچقا، كەلكۈن مەزگىلىدە بۇ يەتتە يېزا - بازاردىكى دېھقانلار پوسكام ياكى مەكىتنى ئايلىنىپ شەھەرگە كىرىدۇ، بۇ بەكمۇ قولايسىز. ئاپتونوم رايوننىڭ يەكەن دەرياسىنىڭ يەكەن ناھىيىسى بۆلىكىدە دەريانىڭ شەرقى بىلەن غەربىنى تۇتاشتۇرىدىغان بىر چوڭ

كۆۋرۈك سېلىپ بېرىشكە تەكلىپ بېرىمىز. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ
تەبىئىي شارائىتى بىر قەدەر ناچار، ئاساسلىق مەھسۇلاتى — ئاشلىق،
پاختا قاتارلىق خام ئەشيالار بولۇپ، قوشۇمچە قىممىتى تۆۋەن. يېزا
ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاج-
لاندۇرۇشقا، باج ئېلىش، قەرز پۇل بېرىش جەھەتلەردە ئاپتونوم
رايون سىياسەت جەھەتتىن ئېتىبار بېرىشى لازىم.

ۋەكىل مامۇت ئەمەت مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زاپاس خەلق ئەسكەرلىرى قوشۇنىنىڭ خىراجى-
تىنى كۆپەيتىپ، زاپاس خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشىغا ياخشى شارا-
ئىت يارىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ھەربىي مەجبۇرىيەت قانۇنى-
نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىشنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ،
دەلىللەپ، ھەقىقىي تۈردە يولغا قويۇشقا بولىدىغان مۇناسىپ تەدبىر
ۋە چارىلەرنى تېزدىن ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. ئاخىردا، ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش جەھەتتە ئۈچ تۈرلۈك تەكلىپ بېرىمەن.
بىرىنچى، ئاز سانلىق مىللەت پەن ـ تېخنىكا قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى
كۈچەيتىپ، بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىك-
كىنچى، ئومۇمىي مۇلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك نىسبىتىنى يەنى-
مۇ ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نۇقتىسىدىكى كەم-
لىكنى تولدۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچى، ئىچكى ئۆلكە، ئاپتونوم را-
يونلارنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئەينەك قىلىپ، شىنجاڭدا بەزى ئىقتىسادىي
ئالاھىدە رايونلارنى ئېچىپ، سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە
بىرلىشىش، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاشتەك ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەندى-
زىسىنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ۋەكىل ئارزۇگۈل ئايۇپ مۇنداق دېدى: شىجاڭ جاپالىق
رايون بولسىمۇ، لېكىن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ پاكلىقنى تەشەب-
بۇس قىلىش خىزمىتى سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئىقتىسادچىل-
لىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، تۈرلۈك يوچۇقلارنى ئېتىپ، كەسىپلەردى-
كى ناتوغرا ئىستىللارنى قەتئىي تۈسۈپ ۋە تۈزىتىپ، ھەر دەرىجىلىك
رەھبىرىي كادىرلارنى ئامما ئارىسىدا پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشتەك
ياخشى ئوبرازىنى تىكلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. بۇ
مەسىلە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئۇزاققىچە ئامان ـ
ئېسەن بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك.

ۋەكىل نۇرتاي ھاجى ئىسكەندەر مۇنداق دېدى: ھازىر
دۆلەت ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى ھەر تەرەپلىمە،
كۆپ قاتلاملىق راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ، لېكىن يەك-
كە سودا ـ سانائەتچىلەر تىجارەت قىلىشنىڭ بارغانسېرى قىيىنلاشقان-
لىقىنى ھېس قىلىۋاتىدۇ. بۇلتۇردىن بۇيان، مۇستەقىل دۆلەتلەر
بىرلەشمىسىنىڭ كالا گۆشى بازىرى باھاسى ناھايىتى ياخشى بولدى،
لېكىن بىز سېتىۋالغان 500 توننا كالا گۆشىنى ھايۋانات، ئۆسۈملۈك

كارانتىن ئىدارىسى بەك چىڭ قىسىۋالغاچقا مۇشۇ كۈنگە قەدەر ئېكىس-
پورت قىلالمىدۇق. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار
تارماقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى ياخشى ماسلاشتۇرۇپ، كالا
گۆشىنى ئېكىسپورت قىلىش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئىلى
ۋىلايىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىشىنى ئۈمىد
قىلىمىز.

ۋەكىل مىجىت ناسىر مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتى-
دىن بېرىلگەن دوكلاتتا ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدەنگەن، مۇھىم
نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ھەم ئۆتكەن ئىشلار ئەسلەپ ئۆتۈلگەن،
ھەم كەلگۈسىگە نەزەر سېلىنغان، نەتىجىلەر تىلغا ئېلىنغان، شۇنداق-
لا قىيىنچىلىق، زىددىيەتلەرمۇ يوشۇرۇلمىغان. 1999 ـ يىللىق
نىشان، ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىغىلى بولىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نام-
رات، قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، خوتەن خەلقى كېچە ـ
كۈندۈز دېمەي جاپالىق كورەش قىلماقتا، بۇ ناھايىتى ئېسىل روھ،
شىمالىي شىنجاڭدىكى كادىرلار ۋە دېھقانلار جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ
قالسا، چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولىدۇ. مەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ
ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن خوتەننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا
بىر ئۆلۈش كۈچۈمنى تۆھپە قىلىمەن. شىنجاڭ بويىچە پاختا، ئاش-
لىق، چارۋا، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىكنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆس-
تۈنلۈكى بار كەسىپلەرنى بېكىتىش، داڭدار مەھسۇلاتلارنى يارىتىپ،
ئالاھىدىلىكى بار ئىگىلىكنى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىلىك
ئورۇنغا قويۇپ تۇتۇش، باشلامچى كەسىپ بېتىلدۈرۈپ، باشلامچى
كارخانىلارنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، شىركەتلەر بىلەن دېھقانلارنى
ئۆزئارا باغلاش يولى بىلەن باشلامچى كارخانىلارنى دېھقانلار بىلەن
ئىشلەپچىقىرىش سېتىشتا بىرلىشىشكە يېتەكلەش لازىم. يېرىك يېزا
ئىگىلىكىدە چارۋىچىلىقنى ئورۇن بېرىپ، تاغ، شەھەر ئەتراپى چارۋى-
چىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا تېرىقچىلىقنى
ئاساس قىلىپ، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش
لازىم. شىنجاڭنى پاختا، ئاشلىق قاتارلىق خام ئەشيا بازىسىغا ئايلان-
دۇرۇپلا قالماي، پىششىقلاپ ئىشلەشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ،
يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش، يېزا ئىقتىسا-
دىنى تاۋارلىشىش، كەسىپلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش، يېزا ئىقتى-
سادىنى تاۋارلىشىش، كەسىپلىشىش، زامانىۋىلىشىش ئىزىغا سېلىش
لازىم. پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئەمە-
لىيلەشتۈرۈش، يەرنى ھۆددىگە بېرىشنى يەنە ئوتتۇز يىل، ئوتلاقنى
ھۆددىگە بېرىشنى يەنە 50 يىل ئۇزارتىش سىياسىتىنى ھەقىقىي
ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپ-
لىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش
ئۈچۈن يەنە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ:
بىرىنچىدىن، پەن ـ تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمەلىي تېخنىكا
يارىتىشنى نۇقتىلىق تۇتۇش لازىم. ئىككىنچىدىن، بايلىق ئۈستۈنلۈ-

كىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇپ، پەن - تېخنىكىنى ئىشلەپچىقىرىش، بازار ئىگىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئۈچىنچىدىن، ئىختىساس ئىگىلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئاممىنىڭ پەن - تېخنىكا ئېڭىنى كۈچەيتىش لازىم. تۆتىنچىدىن، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. بەشىنچىدىن، شىنجاڭدا سۇ، يەر، ئوتلاق، كان قاتارلىقلارنى ئوبدان ئېچىش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي ئۈنۈم، ئىقتىسادىي ئۈنۈم، ئېكولوگىيە ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىش، يېقىنقى مەنپەئەت، كەلگۈسى مەنپەئەت، كېيىنكى ئەۋلادلار مەنپەئىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئىلمىي، مۇۋاپىق ئېچىش لازىم. ئۇندىن باشقا، پەن - تېخنىكىدىكى ئۈچ تۈرلۈك خىزمەت 1998 - يىل 43 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، 70 مىليون يۈەن ئورۇنلىشى مۆلچەرلەنمەكتە، 1999 - يىل 45 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇ بەك ئاز بولۇپ قاپتۇ. تەرەققىي قىلمىغان رايونلارغا بېرىلىدىغان ياردەم 1998 - يىل 130 مىليون يۈەن ئىدى، ئەمەلىيەتتە 600 مىليون يۈەن ئورۇندالدى، 1999 - يىللىق پىلاندا 120 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇ ئاز بولۇپ قاپتۇ. 1999 - يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى ئاشۇرۇشنىڭ ماكرولۇق نىشانى %8 قىلىپ بەلگىلەنگەن، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. سانائەتنىڭ ئېشىش پىلانى %9 قىلىپ بەلگىلىنىپتۇ، ھالبۇكى 1998 - يىل %3.2 ئاشقانىدى، بۇنى ئورۇندىغىلى بولامدۇ - يوق، ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك.

**ۋەكىل مەمەتجان غوپۇر مۇنداق دېدى:** نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاۋۋال نادانلىقتىن قۇتۇلۇشقا توغرا كېلىدۇ، نامرات ئائىلە پەرزەنتلىرىنىڭ كىتاب پۇلىنى ئازايتىپ ۋە كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇلارغا بىلىم، تېخنىكا ئۆگىتىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ. مەركەزنىڭ سىياسىتى ئوتتۇرا، غەربكە مايىل بولۇش، ئاپتونوم رايونىمۇ چەت، يىراق، نامرات رايونلارغا مايىل بولۇش سىياسىتى بەلگىلىشى لازىم، خوتەن ئالاھىدە نامرات رايون. قاتناش مۇساپىسى بەك ئۇزۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسەتتە تېخىمۇ كۆپ ئېتىبار بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن. ئاپتونوم رايوندىن ناھىيە، شەھەرلەرگە بېرىلىدىغان نورمىلىق مالىيە ياردەم پۇلىنىڭ توپ سانى 1985 - يىلدىن بۇيان ئۆزگەرتىلمىدى، ھالبۇكى ئادەم كۆپىيىۋاتىدۇ، مائاش ئۆستۈرۈلۈۋاتىدۇ، يېڭىدىن كۆپەيگەن خادىملارنىڭ مائاشىنى يەرلىك مالىيە ھەل قىلىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسەت چىقىرىش بىلەن بىرگە، خىراجەت مەسىلىسىنىمۇ مۇۋاپىق ھەل قىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن.

**ۋەكىل ئابدۇرېھىم ساۋۇت مۇنداق دېدى:** خوتەن ناھىيىسىنىڭ 1999 - يىللىق ۋەزىپىسى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان پاختىنى بىر دەنگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. مۇشۇ نىشان ئىشقا ئاشقاندىلا، ئاندىن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمنى 100 يۈەن ئاشۇرۇش نىشانىغا يەتكىلى بولىدۇ. پاختىدىن شۇ يىلى يىغىپ، شۇ يىلى نەپ ئالغىلى بولىدۇ، شۇڭا كېۋەز تېرىشنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. خوتەن ناھىيىسى 100 مىڭ مو بوز يەر ئېچىپ، 10 مىڭ ئائىلىنى كۆچۈرمەكچى، لېكىن كۆچۈرۈش خىراجىتىنى ھەل قىلىش قىيىن. ناھىيىمىزنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋەزىپىسى خېلىلا ئېغىر، 1998 - يىل بىر يېزىدا 15 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ يېرىنى كەلكۈن پۈتۈنلەي ئېقىتىپ كەتتى. ئاپتونوم رايون كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىراجىتىنى ھەل قىلىپ بەرسە. پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىگە پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن، ناھىيە (شەھەر) لىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرىنى ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتى بەنزىسىگە كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىمەن.

**ۋەكىل مەمەتتوختى تۇرسۇن مۇنداق دېدى:** ئاپتونوم رايوندىكى 300 مىڭ نامرات ئائىلىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى خوتەندە، نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلىنىڭ دېھقانلارغا بېرىلىدىغان مۆھلىتى ئاران ئۈچ ئايدىن ئالتە ئايغىچە بولۇپ، دېھقانلارنىڭ پايدىلىنىش ۋاقتى قىسقا، پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەن، شۇڭا قەرز پۇل مۇددىتىنى ئۇزارتىشنى تەلەپ قىلىمەن.

**ۋەكىل ئازادگۈل مۇنداق دېدى:** مەن بىر ئىشچى، كارخانىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى چوڭقۇر چۈشىنىمەن. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئەگىشىپ، كارخانىلار بازارغا يۈزلىنىپ، قىيىنچىلىقى ئاشماقتا. كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپ، مەبلەغ ئوبوروتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن كارخانىلار باشقۇرغان پەرزەنتلەر مەكتەپلىرىنى دۆلەت ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ھەمدە كارخانىلار تاپشۇرىدىغان مائارىپ قوشۇمچە راسخوتىنى كارخانىغا قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىمەن. دېھقاننىڭ ھەر ھالدا تېرىيدىغان يېرى بار، ئىشچى بولسا ھەقىقىي پرولېتاردۇر. خوتەننىڭ ئىقتىسادى قالاق، ئىشقا ئورۇنلىشىش يولى ئاز، زاۋۇت تاقىلىپ قالسىلا، ئىشچىنىڭ باشقا چىقىش يولى يوق، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى، ياردەم بېرىشىنى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ سىياسەت تۈزگەندە كارخانىلارغا مايىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىمەن.

**ۋەكىل روشەنگۈل مۇنداق دېدى:** سۇ — دېھقاننىڭ جېنى، توكمۇ دېھقاننىڭ جېنى، توك بولمىسا تۇرمۇشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ. ناھىيىمىزدە ئېلېكتر ئىستانسىسى يوق چاغدا ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشقا تەشنا بولغانىدۇق، ھالا بۈگۈن ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغانىدى، ئېغىر قەرزنى قايتۇرۇپ بولالمايۋاتىمىز، كۆپ يىلدىن بۇيان يىغىلغان توك ھەققى قەرز ئۆسۈمىگىمۇ يەتمەيۋاتىدۇ. ھازىر ئېلېكتر ئىستانسىسى ساقلاپ قېلىش ياكى تاقىۋېتىشتىن ئىبارەت قىيىن تاللاشقا دۇچ كەلمەكتە، نۇرغۇن ئىشچى ئىش ئورند-

دىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولماقتا. كارخانىلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، قوشۇۋېتىش، ۋەيران قىلىش، ئىشچىلارنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ، ئايرىپ چىقىرىش، ئادەم ئازايتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر.

**ۋەكىل مۇھەممەت رەجەپ مۇنداق دېدى:** رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ دوكلاتىدا شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ پەرقىنىڭ بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئىدىيە، كۆز قاراش جەھەتتىكى پەرق ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش ۋە كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىملىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ 1998 ـ يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتى ئاپتونوم رايوننىڭكىدىن يۇقىرى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە: سانائەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتى %10.5 بولدى، مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تېز تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم بولدى. ئۇ مۇنداق تەكلىپ بەردى: 1. ئاپتونوم رايون تۇرپاننىڭ ساياھەتچىلىكىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش ھەمدە ساياھەت نۇقتىلىرىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈشى لازىم. ھۆكۈمەت خىزمىتى دوكلاتى بىلەن پىلان دوكلاتىدا قاناس كۆلى بىلەن باغراش كۆلىنىڭ ساياھەتچىلىكىلا تىلغا ئېلىنىپ، تۇرپاننىڭ ساياھەتچىلىكى تىلغا ئېلىنماپتۇ. ئۇقۇشىمىزچە سىرتتىن جۇڭگوغا كەلگەن چەت ئەلدىن شىنجاڭغا كېلىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ %80 ى تۇرپانغا بارماي قالمايدىكەن. تۇرپاننى ئاپتونوم رايوننىڭ دەرۋازىسى دېيىشكە بولىدۇ. تۇرپاننىڭ ساياھەتچىلىك سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشى ئاپتونوم رايون ساياھەتچىلىكىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. زۇڭلى جۇرۇڭجى 1995 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە تۇرپاندا بىر قولدا يېزا ئىگىلىكىنى، بىر قولدا ساياھەتچىلىكنى تۇتۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. جۇرۇڭجى زۇڭلى بېيجىڭغا قايتقاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكى ئۈچۈن 50 مىليون يۈەن مەبلەغ ھەل قىلىپ بەرگەنىدى، بۇ مەبلەغدىن تۇرپانغا ئاران 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن تەگدى، باشقا مەبلەغلەر چېچىۋېتىلىپ، ئۈنۈمنى كۆرگىلى بولمىدى، تۇرپاندا دۆلەت دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇندىن توققۇزى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن توققۇزى بار، ئېچىشقا تېگىشلىك ساياھەت نۇقتىسىدىن 120 سى بار. تۇرپان ۋىلايىتى ئۆتكەن يىلى ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن «4510» قۇرۇلۇشنى يولغا قويدى، يەنى تۆت ساياھەت يولى ياساش، بەش ساياھەت نۇقتىسىنى كېڭەيتىش، يېڭىدىن 10 ھاجەتخانا سېلىش، بۇنىڭغا مۆلچەرلىنىشچە 59 مىليون يۈەن مەبلەغ كېتىدۇ. تۇرپان ۋىلايىتى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى، ساياھەتچىلىككە كۈچىنىڭ يېتىشىچە مايىللاشتى، ئەگەر ئاپتونوم رايوننىڭ قوللىشى بولمىسا «4510» قۇرۇلۇشنى ئورۇنداش قىيىنغا چۈشىدۇ. ئاپتونوم رايون تۇرپان ۋىلايىتىنى شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك مۇھىم نۇقتىسى سۈپىتىدە مالىيە جەھەتتىن قوللىشى لازىم. 2. پىچان ناھىيىسىنىڭ تاش ماتېرىيال پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈش لازىم. پىچان ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا زاپاس مىقدارى ئىنتايىن مول تاش ماتېرىيال كېنى بايقالدى، بۇ كاننىڭ ئورنى يۇقىرى، تېشىنىڭ سۈپىتى ياخشى، زاپىسى مول بولۇپ، مەھسۇلاتىنى دۆلەت ئەنگە ئېلىپ «پىچان قىزىل گرانىت تېشى» دەپ نام بەردى، بۇ تاش دۆلەتنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلىرىدىن بىرى، زور ئېچىش قىممىتىگە ئىگە. 3. توقسۇن ناھىيىسىنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، 1998 ـ يىللىق مالىيە يوچۇقى 25 مىليون يۈەنگە يەتكەن. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى، بۇ ناھىيىدە ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش مەسىلىسى بىر قىزىق نۇقتا ۋە سەزگۈر مەسىلىگە ئايلىنىپ، تەقسىم قىلىش قىيىن بولۇش، تەقسىم قىلىغاندىن كېيىن بىر نەچچە يىل مائاش ئالالماسلىق ئەھۋالى كۆرۈلۈۋاتىدۇ، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، بۇ ناھىيىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا تەسىر يېتىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە جەھەتتىن قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**ۋەكىل ئابلا يۈسۈپ مۇنداق دېدى:** رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ خىزمەت دوكلاتى مۇنداق بىر نەچچە ئالاھىدىلىككە ئىگە: 1. 1998 ـ يىللىق خىزمەتلەر ئىنتايىن تەپسىلىي تەھلىل قىلىنغان. 2. 1999 ـ يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەپەككۇرى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. پاختا، نېفىت ئىستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، رايون ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى كەسىپ ۋە ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەپەككۇر ناھايىتى توغرا بوپتۇ، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. 3. 1999 ـ يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ساياھەتچىلىك تۇرپاننىڭ تۈۋرۈك كەسپى، تۇرپان يەنە كېلىپ ئاپتونوم رايوننىڭ قىزىق ساياھەت رايونى، لېكىن پىلان دوكلاتىنىڭ ساياھەتچىلىككە دائىر قىسمىدا تۇرپاننىڭ ساياھەتچىلىكى تىلغا ئېلىنماپتۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ تۇرپاننىڭ ئايدىڭكۆل، يالقۇنتاغ، قۇم ئارقىلىق داۋالىنىش قاتارلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنى قوغداش پىلانىغا كىرگۈزۈشنى تەكلىپ قىلىمەن.

**ۋەكىل ساتتار ساۋۇت مۇنداق دېدى:** ئاپتونوم رايون 1998- يىلى ماكرو ئىگىلىك مۇھىتى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدىمۇ %7.3 لىك ئېشىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى، بۇ ئاسان قولغا كەلگەن بولمىسىمۇ، پىلاندىكى نىشان بىلەن خېلى چوڭ پەرق بار. بۇنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى تەسىرى، تەبىئىي ئاپەت قاتارلىق ئامىللار بار، ئەلۋەتتە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەرمۇ بار. بۈگۈنكى دۇنيا بىلىم دۇنياسى، بۇنىڭغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئىدىيىمىزنى ئازاد قىلىپ، كۆز قارىشىمىزنى

يەنىمۇ ئۆزگەرتىشىمىز لازىم. پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىش، كەسپلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا مىقدارىنى ئاشۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشتە، دېھقانلارنىڭ ئىقتىدارلىقىغا تايىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، زۆرۈر بولغان مەمۇرىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش كېرەك. بۇ دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق بولمايدۇ. تەدبىر بەلگىلەشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش ۋە دېموكراتىيىلەشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت ئاقىللار ئۆمىكى قۇرۇشى لازىم.

ۋەكىل قېيۇم باھاۋۇدۇن مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتى دوكلاتى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئۇنىڭغا قوشۇلىمەن. 1998 ـ يىلى دۆلىتىمىز تارىخىدا ئادەتتىكىدىن تاشقىرى بىر يىل بولدى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى ۋە كەلكۈن ئاپىتىدىن ئىبارەت ئېغىر خىرىسقا دۇچ كەلدى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەسىرگە ئۇچرىدى، ئاپتونوم رايونىمىزمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، پاختا ۋە نېفىت كەسپى ئۇنىڭ تەسىرىگە ئاۋۋال ئۇچرىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىقتىسادىي ھەرىكەتتىكى چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەر كۆنسايىن ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى، ئاپتونوم رايون يىل بېشىدا بېكىتكەن ئىقتىسادنىڭ 10.5% ئېشىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرالماي، 7.3% نى ئورۇندىدى. ئەمما بۇمۇ ئوڭاي قولغا كەلمىدى، بۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ئوتتۇرىغا قويغان ئىقتىسادنى 8% ئاشۇرۇش نىشانى ھەر تەرەپلىمە ئىسپاتلانغان ۋە ھېسابلانغان، بۇ شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن، تىرىشىش ئارقىلىق بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، بۇ جەھەتتە بىزدە تولۇق ئىشەنچ بولۇشى كېرەك. پاختا ۋە نېفىتتىن ئىبارەت ئەۋزەل بايلىق ئىستراتېگىيىسىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش لازىم. پاختىچىلىقتا سورتنى ياخشىلاش، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئىلمىي باشقۇرۇش جەھەتتە تازا كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. پاختا مەسىلىسىدە جايلار ئۆز جايىنىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، نېمە تېرىشقا مۇۋاپىق كەلسە شۇنى تېرىشى، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىكى لازىم. پاختا تېرىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان جايلار بازا قۇرۇپ، كۆلەم شەكىللەندۈرۈپ، يۇقىرى مەھسۇلات، ئەلا سۈپەت ۋە تۆۋەن تەننەرخ بىلەن بازار رىقابىتىگە قاتنىشىپ، ئوبدان بازار تېپىشى لازىم. رەھبىرىي كادىرلار ئۆيگە بېكىنىۋالماي، قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلماي، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى كېرەك. 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ خىزمىتى پۇرسەتكە دۇچ كەلدى، خىرىسقا تېخىمۇ دۇچ كەلدى، بۇ ھەقتە بىزدە تولۇق تەييارلىق بولۇشى لازىم. 1999 ـ يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بىز ياخشى روھىي ھالەت، پۇختا خىزمەت ئىستىلى بىلەن، خىزمەتنى ئىجادىي ھالدا قانات يايدۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم. ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى بارلىق كۈچ بىلەن ساقلاپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن ياخشى تاشقى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

ۋەكىل كەنجى ھاپىز، ئوسمان مەسۇملار مۇنداق دەپ قارىدى: يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا خىزمىتىدە نۆۋەتتە مۇنداق ئىككى مەسىلىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ، بىرىنچى، دېھقانلارنىڭ قالدۇق ئاشلىقىنى قوغداش باھاسىدا كەڭتاشا سېتىۋېلىش مەسىلىسى. دۆلەت بۇ سىياسەتنى دۆلەت ۋە دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن بەلگىلىگەن، چىقىش نۇقتىسى توغرا، لېكىن ئىجرا قىلىش داۋامىدا زىددىيەت كۆرۈلدى. قوغداش باھاسى بازار باھاسىدىن تۆۋەن بولغاچقا، دېھقانلار ئاشلىقنى قوغداش باھاسى بويىچە دۆلەت ئاشلىق سېتىۋېلىش تارماقلىرىغا سېتىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرايدۇ، بازار باھاسى بويىچە ناھىيە ئاتلاپ سېتىشقا دۆلەت سىياسىتى يول قويمايدۇ. شۇڭا، قوغداش باھاسى دۆلەت سىياسىتىنىڭ دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىشىدا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، قوغداش باھاسى بازار باھاسىدىن سەل يۇقىرى بولۇشى كېرەك. ئىككىنچى، پاختا سېتىۋېلىشتىكى نامۇۋاپىق ئەھۋاللار. ھازىر پاختىنى ئاساسەن تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ پاختا ـ چىگە تارماقلىرى سېتىۋالىدۇ، پاختىنىڭ دەرىجە ئۆلچىمىنى دۆلەت بەلگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن كونكرېت سېتىۋالغاندا پاختا ـ چىگە تارماقلىرىنىڭ كەسپىي خادىملىرى بەلگىلەيدۇ، نازارەتچىلىك ۋە چەكلەش يېتەرلىك بولمىغاچقا، توغرا، ئادىل، ئاشكارا بولمايدۇ. نۆۋەتتىكى پاختا باھاسى تۆۋەنلىتىلگەن ئەھۋالدا، دۆلەتنىڭ دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىشىنى سېتىۋېلىش ھالقىسىدا گەۋدىلەندۈرۈش، تەدبىر قوللىنىپ، دەرىجىسىنى بېسىش ئەھۋاللىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي ياخشى قوغداش لازىم.

ۋەكىل ھېكىم ئانايەت مۇنداق تەكلىپ بەردى: پەن ـ تېخنىكىدىن ئەمەلىي پايدىلىنىشنى كېڭەيتىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پەن ـ تېخنىكا سېلىنمىسى سالمىقىنى ھەقىقىي تۈردە ئاشۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ئۈچۈن ياخشى تۇرمۇش، خىزمەت شارائىتى ھازىرلاپ بېرىش لازىم.

ۋەكىل توختى ئىسمايىل ئاساسىي قاتلام يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مۇلازىمەت خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى تەكلىپ قىلدى.

ۋەكىل جاقىپ مىرزاقان ھۆكۈمەت خىزمىتى دوكلاتىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات قىسمىغا ئىجتىمائىي پەن جەھەتتىكى تەلەپلەرنىمۇ قوشۇشنى تەكلىپ قىلدى.

ۋەكىل ئابدۇرازاق ھاموت مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇشى دېگەندەك يېتەرلىك ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاساسىي قاتلاملاردىكى بەزى كادىرلارنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى ئاددىي، قوپال بولغاچقا، ئاممىنىڭ ئاسان

نارازىلىقى ۋە بىزارلىقىنى قوزغاپ قويۇۋاتىدۇ. دېھقانلارنىڭ ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بېرىش تەلىپى ۋە ئارزۇسىنى چۈشىنىشى ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشى لازىم.

**ۋەكىل ئابلەت مامۇت مۇنداق دېدى:** ھۆكۈمەت خىزمىتى دوكلاتىدا يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ياخشى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ. نۆۋەتتە يېزىلارنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ياخشى، لېكىن بەزى كادىرلاردا قانۇنغا، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت، ئىشلارنى دېموكراتىك بىر تەرەپ قىلىش، كەنت ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇش خىزمەتلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

**ۋەكىل ئابدۇرېھىم ھامىت مۇنداق دېدى:** بۇ يىل يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىدە يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم ۋەزىپە بار. بىز جەزمەن خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، بۇ ئىككى ۋەزىپىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم. دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاشسا، سېتىۋېلىش كۈچى كۈچەيسە، يېزا - بازارلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋەزىيىتى مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە كۈچىيىدۇ. ھازىر بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز. تەننەرخى تۆۋەن، سۈپىتى ياخشى مەھسۇلاتلارلا بازارنى ئىگىلىيەلەيدۇ. بازار ئىگىلىكى مەھسۇلات جەھەتتىكى رىقابەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىختىساسلىقلار جەھەتتىكى رىقابەت، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھەر بىر دېھقان ئائىلىسىدە بىردىن بىلىملىك ئادەم بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى يېزا - كەنتلەرگە چۈشۈپ دەرس سۆزلەپ، دېھقانلارغا بىلىم ئۆگىتىشكە تەشكىللەپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ پەن - تېخنىكىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تايىنىش يولىغا سېلىش لازىم. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تۇتۇشتا، بىر كەسىپ بىر كوللېكتىپ بولۇشنى ئورۇنداش ئۆزگىچىلىك بولۇپلا قالماستىن، يەنە كۆلىمىمۇ بولۇش لازىم. مەسىلەن، قەشقەرنىڭ باغۋەنچىلىكىنى ئالساق، ئۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە، ئەمما كۆلىمى يېتەرلىك ئەمەس، ئۇنىڭدا جەزمەن كۆلەم شەكىللەندۈرۈش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

**ۋەكىل مۇھەممەت ئەخلەت مۇنداق دېدى:** دېھقانلارنىڭ سېلىقىنىڭ ئېغىر بولۇشى ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىر بولۇشى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىستىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بەزى جايلارنىڭ ئۆل مۇئەسسەسەلەر شارائىتى ناچار، ھەر يىلى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، يەر تۈزلەشكە نۇرغۇن ئەمگەك كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەجبۇرىيەت ئەمگەك كۈنى ئېشىپ كېتىدۇ. بەزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ خىزمىتىدە ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان كەمچىل، ئورۇنلاشتۇرغان قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى بەك ئېغىر بولۇپ، دېھقانلارنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئايرىم جايلاردا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش مەسىلىلىرىمۇ ھەقىقەتەن مەۋجۇت.

**ۋەكىل پەرھات سەئىدى مۇنداق دېدى:** پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، دېھقانلارنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسى يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدۇ. ھازىر ئاساسىي قاتلامدىكى ئامما پەن - تېخنىكا ئۆگىنىشنى جىددىي تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ پەن - تېخنىكا تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئىشلەپ، مەخسۇس بىر تېلېۋىزىيە قانىلى تەسىس قىلىپ، مۇقىم بىر ۋاقىتتا پەن - تېخنىكىنى تەشۋىق قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇنداق پروگرامما چوقۇم ئالقىشلىنىدۇ. بىر تەرەپتىن، جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى ۋە ھەر بىر باسقۇچتىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا باغلىغىلى بولىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئاممىغا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ، دېھقانلارنى بازارغا كىرىشكە يېتەكلىگىلى بولىدۇ.

**ۋەكىل ئابلىھەت قارىم مۇنداق دېدى:** ھازىر دۆلىتىمىز دۆلەتنى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇۋاتىدۇ. تىل ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن نۇرغۇن ئىلغار پەن - تېخنىكىلارنى ئۆگىنىشكە ئامالسىز قېلىۋاتىمىز. ھۆكۈمەتنىڭ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى دەرسى تەسىس قىلىشتا تېخىمۇ كۆپ شارائىت يارىتىپ بېرىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنى خەنزۇ تىلىنى ياخشى ئۆگىنىپ، پەن - تېخنىكىنى تېخىمۇ كۆپ ئىگىلىيەلەيدىغان قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. رادىئو، تېلېۋىزور قاتارلىق ئاخبارات تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىمۇ پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش مەزمۇنىدىكى پروگراممىلارنى كۆپەيتىشى لازىم.

**ۋەكىل گۈلنىسا ئىسلام مۇنداق دېدى:** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار كۈچى يېتىشمەيدۇ، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا نومۇر چېكىنى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. بولۇپمۇ يېزىلاردىكى ئوقۇغۇچىلارغا تېخىمۇ ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن يۇرتىغا خىزمەت قىلىشىغا قولايلىق يارىتىش لازىم.

**ۋەكىل مامۇت ئىسمايىل مۇنداق دېدى:** پەيزاۋات ناھىيىسى قۇرغاق، سۇ قىس رايون بولۇپ، قىزىل دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. قىزىل دەرياسى ۋادىسىنى تۈزەش پىلانى تېخىچە تۈزۈپ چىقىلمايۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەر يىلى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىمىز، ئەمما سۇچىلىق تارماقلىرى جاۋاب بېرىپ ئەمەلىيلەشتۈرمەيۋاتىدۇ. ئايرىم چەت يېزا - كەنتلەردە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى، قۇدۇقمۇ بار بولدى، ئەمما يۇرۇشلەشكەن مۇئەسسەسەلەر بولمىغاچقا دېھقانلار يەنىلا پاكىز سۇ ئىچەلمەيۋاتىدۇ. بۇ مەسىلەرنى ئەھمىيەت بېرىپ ھەل قىلىش كېرەك.

# قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرەيلى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىغا قاتناشقان ھەر مىللەت ۋەكىللەر خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئەستايىدىل قاراپ چىقتى.

ۋەكىل يۈ بىڭلىي مۇنداق دېدى: ئۆتكەن بىر يىلدا خ ق دائىمىي كومىتېتى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى بىرىنچى ۋەزىپىسى قىلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئاتا قىلغان ھوقۇقنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە سادىقلىق بىلەن ۋەكىللىك قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ناھايىتى زور تۆھپە ياراتتى، كەڭ خەلق ئاممىسى بۇنىڭدىن رازى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىدىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىلدى. ئىككى مەھكىمە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش جىنايىتىگە زەربە بېرىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، بولۇپمۇ مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە قانۇنسىز دىنىي كۈچلەرگە قاتتىق زەربە بېرىشتە قەتئىي، كەسكىن بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە ۋە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىش، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت ۋە دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغداپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. قىسقىسى، بۇلتۇردىن بۇيان، خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتى ئالاھىدە نەتىجىلىك بولدى. خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھازىرقى ئاساستا، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە ۋەكىللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىك قۇربىنى ئاشۇرۇپ، قانۇن چىقىرىش خىزمىتى قەدىمىنى تېزلىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىككى مەھكىمىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش كۈچىنى يەنىمۇ زورايتىپ، زوراۋانلىق، تېرورلۇق جىنايەتلىرىنى قاتتىق جازالىشى كېرەك. مەركەزلىك تەربىيىلەش، تەرتىپكە سېلىش نەتىجىسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، قانۇنغا ئاساسلانماسلىق، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، ھەتتا ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش، خىيانەتچىلىك قىلىپ قانۇننى بۇزۇشتەك مەسىلىلەرنى قەتئىي تۈزىتىپ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەش كېرەك.

ۋەكىل ئەبەي سەكەي مۇنداق دېدى: 1998 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇن چىقىرىش، قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، خىزمەتلەرنى نازارەت قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئامما ۋە جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتىلارنى چۆرىدىگەن ھالدا خىزمەت ئىشلىدى، مەسىلەن، تارىم دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى، باغراش كۆلىنىڭ بۇلغىنىشى، ئۈرۈمچىدىكى ئاتموسفېرا مۇھىتىنى تۈزەش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. 1999 - يىللىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىدا مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈپتۇ، ۋەزىپە ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپتۇ. مېنىڭچە، دوكلات ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بوپتۇ، مەن مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلىمەن: ① ئۈرۈمچى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تەستىقلىتىشقا يوللىغان يەرلىك نىزاملارغا قارىتا ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرسا. بەزى نىزاملارنى يوللىغىلى بىر نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە ئۇنىڭ جاۋابى بولمىدى، ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ يەنىمۇ دەللەش ياكى قايتا تۈزۈش ھەققىدە ۋاقتىدا بىر نېمە دېيىلسە. ② ئىلگىرى تۈزۈلۈپ، ھازىر سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يەرلىك نىزاملارغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش، ئۇنى تولۇقلاش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتسا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنى تۈزۈشنى چىڭ تۇتسا. ③ ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ

خىزمىتىنى قوللاپ، جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورنى ۋە نوپۇزىنى يۇقىرى كۆتۈرسە.

ۋەكىل مەمتىمىن سادىق، سۇن يۈنچۈەن مۇنداق ھېسابلىدى: خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ دوكلاتى ئەتراپلىق، ئوبيېكتىپ ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بوپتۇ. ئۇنىڭغا قوشۇلىمىز. مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلىمىز: ① قانۇنىنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، نۆۋەتتىكى قانۇن ـ نىزاملار كۆپ بولسىمۇ ئىجرا قىلىش كۈچلۈك بولماسلىقتەك ئەھۋال ئۆزگەرتىلسە. ② ھازىر ھۆكۈم ئىجرا قىلىنمىدىغان دېلولار كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، قانۇنىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى قوغدالسا. ③ ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىككى مەھكىمىدىكى كادىر ـ ساقچىلارنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلسە. ④ جەرىمانىنى جىنايى جازانىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ۋە مۇستەقىل دېلو بېجىرىشكە كاشىلا قىلىش ھادىسىلىرىنى قەتئىي توسۇپ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرسە.

ۋەكىل يەن خۇجۇڭ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى بىر يىلدىن بۇيان، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگىنىدا بولۇۋاتقان تېگىشلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتى خىزمەت سالمىقىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى تەسىرى پەيدىنپەي كېڭىيىشكە، ئىجتىمائىي ئورنى بارغانسېرى تۇرغۇزۇلۇشقا باشلىدى. خىزمەتلەرنى نازارەت قىلىش تەدبىرىنى كۈچەيتىش، نازارەتچىلىك ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى، يەنىمۇ تەتقىق قىلىشنى بولۇپمۇ ئاخبارات ۋاستىسى ۋە جامائەت پىكرى ئارقىلىق، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىش، تەشۋىق قىلغاندا، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش، ئومۇمىي خەلق ئارىسىدا، خەلق قۇرۇلتىيى ئېڭىنى تىرنىشىپ تۇرغۇزۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ۋەكىل سۇن يۈنچۈەن، لىۇ تيەنجاڭ مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلدى: خ ق دائىمىي كومىتېتى كومىتېت ئەزالىرىنى ھەر قېتىم خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرغاندا تەكلىپ قىلغان ۋەكىللەرنىڭ سانى كۆپرەك بولسا، بۇنداق قىلغاندا، ۋەكىللەرنىڭ كومىتېت ئەزالىرىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ، شۇنداقلا ۋەكىللەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا شارائىت يارىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. ھۆكۈمەت رەئىسى ھەر يىلى ۋەكىللەرگە خىزمەتتىن بىر قېتىم دوكلات بېرىدۇ، ئەمما مۇئاۋىن رەئىسلەر ئۆزى مەسئۇل بولغان خىزمەت ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىشى لازىم. بۇنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ۋەكىل سى شىۋجېن، ئەن چىڭمىڭ مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلدى: ① كېلەر يىللىق خ ق يىغىنى ۋاقتىنى قىسقىراق قىلسا. ② كومىتېت ئەزالىرى ۋە ۋەكىللەرنى نۆۋەتكە چۈشۈپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە، يۇقىرىلار ئىنكاس قىلغان قىزىق نۇقتا ۋە نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن تەشكىللىگەندە، كۆزدىن كەچۈرۈلگۈچى ئورۇننى ئالدىنئالا خەۋەردار قىلىپ قويمىسا. ③ ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر بىلەن بولغان ئالاقىنى يەنىمۇ كۈچەيتسە.

ۋەكىل سەييارە ساقى مۇنداق دېدى: خ ق دائىمىي كومىتېتى ھۆكۈمەتتىكى نازىر، ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ ئۆز خىزمىتى توغرىسىدىكى مەلۇماتىنى ئاڭلىشى ئىنتايىن ياخشى نازارەت قىلىش چارىسى ھېسابلىنىدۇ، ئەمما ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، بۇ خىزمەت ئانچە چوڭقۇر ئىشلەنمىدى، بۇ جەھەتتە شەكىلۋازلىق مەۋجۇت. خىزمەتتىن مەلۇمات بېرىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، تەكشۈرۈش، باھالاش نەتىجىسىگە ئاساسەن پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاشنى يولغا قويۇش لازىم. ئۇنداق بولمىسا، توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ناچار كەيپىياتقا زەربە بېرىشكە پايدىسىز بولىدۇ. ئادەتتە ۋەزىپىگە تەيىنلەنسىلا بەش يىل ۋەزىپە ئۆتەيدۇ، بىرىنچى قول باشلىق كۈچلۈك بولمىسا، شۇ تارماقنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرى زىيانغا ئۇچرايدۇ، باشلىق بولسا پېشىنى قېقىپلا كېتىپ قالىدۇ. شۇڭا كادىرلارنى تەربىيىلەش، ئۆستۈرۈش ۋە ئىشلىتىشتە قاراشنى ھەقىقىي يېڭىلاش كېرەك.

ۋەكىل ۋاڭ خەنشېڭ مۇنداق قارىدى: ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى خىزمىتىنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشتا ھەر قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى سىرتتىن ئاڭلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دۆلەت پىلانى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم يىغىنلارغا بولغان تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرسا بولىدۇ. سوت مەھكىمىسى دۆلەت تۆلەم بېرىدىغان 77 دېلونى قوبۇل قىلىپ، 18 گە تۆلەم بېرىشنى، 18 گە تۆلەم بەرمەسلىكنى قارار قىلغان، قالغان 44 دېلوغا ئىزاھات بەرمىگەن.

ۋەكىل مۇرات ئىبزىز يارى مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلدى: ① ۋەكىللەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشى ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرسە. ② خ ق دائىمىي كومىتېتى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان قارالمىلارنى بېجىرىشكە بولغان نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتسە، مەسىلەن، ۋەكىللەر ھۆكۈمەتنىڭ مەمتىمىن ياسىن قاتارلىق 20 ۋەكىلنىڭ تارىم نېفىتلىكىنى ئېچىش، قۇدۇق بۇرغىلاش تىجارەت بېجىنى يە-

غىش توغرىسىدىكى 32 ـ نومۇرلۇق قارالمىسىنى بېجىرىش ئەھۋالى-
دىن نارازى بولغان، ھۆكۈمەتنىڭ بۇنى قايتىدىن ئويلىشىپ كۆرۈشى-
نى تەۋسىيە قىلىمەن. ③ سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىش جەريا-
نىدىكى مەسىلىلەر ۋە سۇبىستانسىيە جەھەتتە خاتالىق بار دېلولار بىر
قەدەر كۆپ، بۇ، سودىيەلەرنىڭ ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى بىلەن بىۋاسى-
تە مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. دېلو
بېجىرىشتە يۈز خاتىرە قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قەتئىي قانۇن
بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك.

**يىغىنغا سىرتتىن قاتناشقان خې بىگشيەن مۇنداق قارى-**
**دى:** رېئال تۇرمۇشتا قانۇنغا ئاساسلانمايدىغان، قانۇننى قاتتىق ئىج-
را قىلمايدىغان ھادىسىلەر يەنىلا مەۋجۇت، جەمئىيەتتە ساختا ئېلان
چىقىرىش ئەھۋالىمۇ بىر قەدەر ئېغىر. پەن ـ تېخنىكىنى تەرەققىي
قىلدۇرۇش قانۇنىنى ئىجرا قىلىش سالمىقى يېتەرلىك ئەمەس، ئىخ-
تىساسلىق خادىملارنى پائال بايقاش، ئاسراش، ئۇلارغا ھۆرمەت قى-
لىش ۋە ئۇلارنىڭ كېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمە-
لىيلەشتۈرۈش كېرەك. كارخانىچىلار ئىستراتېگىيىلىك نەزەر دائى-
رىسىنى ھازىرلاپ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىگە ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن كۆپرەك خىزمەت قى-
لىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا مىقدارىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.
شەھەرلەردىكى ئەركىن بازارلار تولۇندى، شۇڭا، باشقۇرۇشنى كۈ-
چەيتىپ، شەھەر قىياپىتى ۋە قاتناشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان كەچلىك
بازارلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك. خەلق ۋەكىللىرىنىڭ قانۇ-
نىي ئورنىنى يەنىمۇ ئۈستۈرۈش كېرەك.

**ۋەكىل ئابدۇراخمان نۇرخېلىل مۇنداق دېدى:** خەلق قۇ-
رۇلتىيى ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ دوكلاتىدا ئۆتكەن يىللىق خىزمەتلەر
ئەستايىدىل يەكۈنلىنىپ، بۇ يىللىق خىزمەتلەر ئەتراپلىق ئورۇنلاش-
تۇرۇلغان، مەن تامامەن قوشۇلىمەن. ئۇ، مۇنداق قاراشلىرىنى
ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا
ھازىر جىنايى ئىشلار دېلولىرى پات ـ پاتلا كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ،
زەربە بېرىش سالمىقى يېتەرلىك بولماي‌ۋاتىدۇ، چارۋا ئوغرىلاش مە-
سىلىلىرى ئېغىر، جامائەت خەۋپسىزلىك خادىملىرىنىڭ ئالدىغا بارسا
ماددىي ئىسپات كۆرسەتسەڭ دېلو پاش قىلىمىز، دەيدۇ، جازانىڭ
ئورنىغا جەرىمانە قويۇش، ئېغىر گۇناھقا يېنىك جازا بېرىش مەسىلى-
لىرى ئېغىر بولۇۋاتىدۇ، ئەمما قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى،
قانۇن بويىچە تۈزەشنى تەلەپ قىلىشۋاتىدۇ. ئىككىنچى، قانۇن تەشۋىقا-
تى ئەمەلىيلەشمەيۋاتىدۇ، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلى-
رىدا تەشۋىقات خىزمىتى خېلىلا ئاجىز.

**ۋەكىل قاشىرەت نېكىش مۇنداق دېدى:** مۇدىر ھامىدىن
نىيازنىڭ خىزمەت دوكلاتى ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، ھەقىقەتەن ئەمەلـ
يەتتىن ئىزدىنىپتۇ، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەمەلـ
يىتىگە ئۇيغۇن بوپتۇ. دوكلات ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلـ
تايلىرىنىڭ پىكرىنى ئېلىش ئاساسىدا تەييارلانغان بولۇپ، ئىخچام،
مەزمۇنلۇق بوپتۇ، مەن تامامەن قوللايمەن ھەمدە بۇندىن كېيىنكى
خىزمەتلىرىمىزدە ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرىمىز. دائىمىي كومى-
تېت ئۆتكەن يىلى بىر قاتار نىزاملارنى ماقۇللاپ، ئاپتونوم رايونى-
مىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى
سۈردى. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچى-
لىك نىزامىنىڭ تۈزۈپ چىقىلىشى بىلەن نازارەتچىلىك خىزمىتى
تېخىمۇ قېلىپلاشتى. دائىمىي كومىتېت ۋەكىللەر بىلەن ئالاقە باغلا-
ش، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلـ
تىيى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتلەردىمۇ نۇرغۇنلىغان
نەتىجىلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. دائىمىي كومىتېتنىڭ بۇ يىللىق
خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى توغرا، ۋەزىپە، تەدبىرلىرى ئەمەلـ
يەتكە ئۇيغۇن بولۇپ، تىرىشىش ئارقىلىق تامامەن ئىشقا ئاشۇرغىلى
بولىدۇ. دائىمىي كومىتېتنىڭ بۇندىن كېيىن قانۇن تەشۋىقاتى سال-
مىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشىنى، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ
قانۇن ئۆگىنىش، قانۇندىن پايدىلىنىش سالمىقىنى ئاشۇرۇشىنى،
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش
داۋامىدا ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا نىكاھ قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش
سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، نىكاھ قانۇنىنى قايتا تەشۋىق قىلىش دولقۇنى
قوزغىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**ۋەكىل جاڭ خېڭ مۇنداق دېدى:** ئىلگىرى ھۆكۈمەت خىز-
مىتىدە مەيلىچە ئىش كۆرۈش ناھايىتى ئېغىر ئىدى، ھازىر قانۇن
بويىچە ئىش كۆرۈش تەكىتلىنىۋاتىدۇ. قانۇن ئادەتتىكى ئىجتىمائىي
ھەرىكەتلەرنىلا قېلىپلاشتۇرۇپ قالماستىن، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە
ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنىمۇ قېلىپلاشتۇرىدۇ.
تۈزۈلگەن قانۇن تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، خەلق مەنپەئىتىگە
ئۇيغۇن كېلىشى لازىم، بولمىسا نەتىجىلىك بولمايدۇ. تۈرلۈك چە-
رايلىق ناملار بىلەن قالايمىقان ھەق ئېلىش، مەيلىچە جەرىمانە قو-
يۇشمۇ جىنايەتلىك ھېسابلىنىدۇ. قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش لازىم.
ئامما ئۇۋالچىلىققا ئۇچراپ قالسا، ئۇنىڭدىن سىلىنى بۆلگۈنچىلەر
پايدىلىنىپ كەتسە، ئىش تېرىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ مەسىلىگە
سەل قاراشقا بولمايدۇ. ھازىر ئامما قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ
سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكىنى، قوپاللىقىنى ئىنكاس قىلىشۋاتىدۇ. دېھقان،
چارۋىچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.
كادىرلىرىمىز ئادىل ئىش قىلىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنىڭ يېتەك-
چىلىكىدە دېھقان، چارۋىچىلىرىمىزنى ئورتاق بېيىتىشى لازىم. چە-

ـرىكلىك مەسىلىسى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر
مەسىلىسى، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ پائالىيىتى مەسىلىسىگە كەل.
ـمەك، بۇنىڭغا ئاما ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدۇ، خەلق ۋەكىللە.
ـرى ئاساسىي قاتلاملاردىكى مەسىلىلەرنى كۆپلەپ ئىنكاس قىلىش
ئارقىلىق ئاممىنى خاتىرجەم ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى
لازىم. ھازىر ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى رەھبەرلەرنىڭ خىزمەت ئاك.
تىپلىقى ناھايىتى يۇقىرى، لېكىن ئاممىغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ
بېرىشتە، كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر يۈزنى دەپ، تەشكىلىي
ئىنتىزامنى دەپ بىر ئايلىق ئىش ھەققىنى چىقىرىش مۇۋاپىق بولماي.
ـدۇ. ئېتىز ـ ئېرىق سۇ قۇرۇلۇشىغا زۆرۈر بولغان ئەمگەك كۈچى
سېلىشتىن سىرت، دېھقان، چارۋىچىلارنى پۇل، ماددىي نەرسە چىقى.
ـرىدىغان ئىشلارغا ئازراق سېلىش كېرەك. كۈچ چىقىرىدىغان ئىشلار.
ـغا كۆپرەك سېلىش، پۇل چىقىرىدىغان ئىشلارغا ئازراق سېلىش
كېرەك. قىسقىسى، ۋەكىللەر تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى كۆپرەك ئىنكاس
قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

**ۋەكىل مۇقاتىبېك ئادىلبېك مۇنداق دېدى:** خ ق دائىمىي
كومىتېتى ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ دوكلاتى ناھايىتى ياخشى بوپتۇ.
مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ دوكلاتى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بوپتۇ. دائىمىي
كومىتېت قانۇن چىقىرىش، قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش، قا.
ـنۇن تەشۋىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىل.
ـشەش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تە.
ـرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر
خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقىنى، سالمىقى.
ـنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىدۇ. ئىككى مەھكىمىنىڭ خىز.
ـمىتى ناھايىتى ئېغىر، ئۇلار مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي
پائالىيەتلەرگە زەربە بېرىشتە تۆھپە قوشتى. خەلق قۇرۇلتىيى خىز.
ـمىتى بىرىنچى سەپتىكى خىزمەت، بۇنىڭغا قارىتا پۈتۈن جەمئىيەت
بىردەك تونۇشتا كېلىشى لازىم.

**ۋەكىل لىيۇ چۈەنجېن مۇنداق دېدى:** خ ق دائىمىي كومىتې.
ـتى ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ دوكلاتى كونكرېت، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن
بوپتۇ. دائىمىي كومىتېت ئۆتكەن يىلى ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىش
قەدىمىنى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن چىقىرىش خىزمە.
ـتىنى تېزلەتتى، بۇ جۇملىدىن مۇھىت ئاسراش قاتارلىق مەزمۇنلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش سالمىقى ناھايىتى
چوڭ بولدى، بۇنىڭغا قارىتا جەمئىيەتنىڭ ئىنكاسىمۇ كۈچلۈك بول.
ـدى. جەمئىيەتتىكى قىيىن، قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىگە ئەھمىيەت
بېرىش ۋە تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش كۈچەيتىلىپ، دېھقان، چارۋى.
ـچىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ۋە ئۇلارنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە
مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك

ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. باھالاش ئارقىلىق ھۆكۈمەت ۋە ئىككى
مەھكىمىنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىش ئىلگىرى سۈرۈلدى،
ئاساسىي قاتلاملارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان ئىنكاسى
ناھايىتى ياخشى بولدى. مۇنداق بىر نەچچە تەكلىپ بېرىمەن: بىرىن.
ـچى، ھازىر تۈرغۇنلىغان قانۇنلار چىقىرىلدى، لېكىن ئومۇملاشتۇ.
ـرۇش سالمىقى يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئاما تېخى قانۇن ئارقىلىق ئۆز
مەنپەئىتىنى تازا قوغداپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. دائىم پۇل خەجلەپ ئاۋارە.
ـچىلىقتىن ساقلىنىش كويىدا بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا، قانۇن ئۆگىنىش،
قانۇننى بىلىش، قانۇندىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم.
ئىككىنچى، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىگە بولغان نازا.
ـرەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ھازىر بەزى تارماقلار قانۇننى
ئادىل، قاتتىق ئىجرا قىلمايۋاتىدۇ، بۇنىڭغا ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچ.
ـلۈك. ئىقتىسادىي دېلولارغا قارىتا ئاممىنىڭ پىكرى كۆپ، چۈنكى
ئىراجەت چەكلىمىسىدىن تۈرغۇنلىغان ئىقتىسادىي دېلولارنى بىر تە.
ـرەپ قىلىپ كەتكىلى بولمايۋاتىدۇ. دائىمىي كومىتېتنىڭ بۇ مەسىلە.
ـنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**ۋەكىل ھامىدىن نىياز مۇنداق دېدى:** ھەر دەرىجىلىك خەلق
قۇرۇلتايلىرى ئاما كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى
پائال ھەل قىلىشى لازىم. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىك.
ـلىتىشكە ئوخشاش مەسىلىلەرنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر تۈرلۈك
مۇھىم خىزمىتى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇشى كېرەك. ئاساسىي قانۇن
ۋە قانۇن بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ،
3 ـ بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىگە بىرلەشتۈ.
ـرۈپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك قانۇن ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغىشى
لازىم. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى
تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ،
ۋەكىللەرنىڭ ئوبرازىنى تىكلەپ، ۋەكىللەرنىڭ نوپۇزىنى قوغداش
لازىم.

**ۋەكىل لى جاۋجى مۇنداق دېدى:** 1998 ـ يىلى ئاپتونوم
رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ
رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىن ئې.
ـبارەت بۇ مەركەزنى زىچ چۆرىدەپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بەرگەن
خىزمەت ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى
ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتى ۋە
قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇ.
ـرۇشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، دۆلەت ھاكىمىيەت ئور.
ـگىنىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. قانۇن چىقىرىش خىز.
ـمىتىدە، دائىمىي كومىتېت ئىسلاھات روھىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھ.
ـمىيەت بېرىپ، ئومۇمىيلىقنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇردى. خىز.

مەتلەرگە نازارەتچىلىك قىلىش سالمىقىنىمۇ ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن خېلى كۈچەيتتى. ئۆتكەن يىل، دائىمىي كومىتېت ئاپتونوم رايونىمىزدىكى زور مەسىلىلەر، قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى زىچ چۆرىدەپ، كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش، خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش، قاراپ چىقىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق خىزمەتلەرگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەت بىلەن ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى ۋە مەدەت بەردى. ئىككى مەھكىمىنىڭ دوكلاتىغا تامامەن قوشۇلىمەن، دوكلاتتا 1998 - يىلدىكى خىزمەتلەر بىر قەدەر ئەتراپلىق خۇلاسىلىنىپتۇ، كۆپچىلىك ئىككى مەھكىمىنىڭ ئۆتكەن يىل نۇرغۇن كۆرۈنەرلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنلىكىنى، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى كۆردى. ئىككى مەھكىمىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقى سەل ئاجىزراق، خىراجەتمۇ سەل يېتىشمەيۋېتىپتۇ. مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىشىنى ۋە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. يەنە، ھازىر 5000 يۈەن دەپ بېكىتىلگەن بەزى ئەنزىلەرنى تەھقىقلەپ پاش قىلىشتا نەچچە ئون مىڭ يۈەنلەپ پۇل كېتىۋاتىدۇ. بۇنداق قىلىش ئەرزىمدۇ - ئەرزىمەمدۇ، مۇھاكىمە قىلىپ باقساق.

ۋەكىل دەلىلقان مامىقان مۇنداق دېدى: تۈنۈگۈن خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى بىلەن ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدۇق، مەن تامامەن قوشۇلىمەن. دوكلاتلاردا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالى ئەينەن، بىر قەدەر ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپتۇ. مەيلى مەزمۇن، سالماق ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر بولسۇن ھەممىسى ناھايىتى ئوبيېكتىپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ. 1998 - يىلى خ ق دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىنىڭ سالمىقى زور، نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولدى، بولۇپمۇ ھۆكۈمەتكە بولغان نازارەتچىلىك، تەكشۈرۈش كۈچەيتىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. خ ق دائىمىي كومىتېتى ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنىمۇ خېلى قوللىدى، ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ، قارارلىرىمۇ قاراتمىلىقتا ۋە ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە. ئۆتكەن يىلدىكى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ۋە تارىم دەرياسى ئېقىنى مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىش مەسىلىسى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئۆتكەن يىلقى خ ق دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىنىڭ يەنە بىر كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى، قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ سالمىقى زورايتىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز قانۇن - تۈزۈملىشىش يولىغا قاراپ پۇختا قەدەم تاشلىدى. شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قانۇن - تۈزۈم قارىشى ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ رولىمۇ ئالدىنقى يىللاردىكىدىن ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى. خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1999 - يىلى قانۇن - نىزاملارنىڭ تەشۋىق قىلىنىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەر بىر ئائىلىنى خەۋەردار قىلىشنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. چىقىرىلغان قانۇن - نىزاملاردا پىرىنسىپ خاراكتېرىدىكى نەرسىلەر كۆپ، يولغا قويۇشتا مەلۇم قىيىنچىلىق بار. ئىككى مەھكىمىمۇ ئۆتكەن يىل نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ئىككى مەھكىمىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ۋەكىل چېن جىنچى مۇنداق دېدى: ئۆتكەن يىل خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىكى نەتىجە زور، بىرىنچى، قانۇن چىقىرىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ئىككىنچى، ھۆكۈمەت بىلەن ئىككى مەھكىمىگە بولغان نازارەتچىلىك خىزمىتى ئەمەلىيلەشتى، يەككە ئەنزىلەرنى نازارەت قىلىش ۋە ئەنزىلەرنى ماسلاشتۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى. ئۈچىنچى، ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلدى. تۆتىنچى، كۆزدىن كەچۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ۋەكىللەرنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. بەشىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كادىرلارغا خ ق دائىمىي كومىتېتىغا خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش چارىسى يولغا قويۇلۇپ، ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇ يىلقى خىزمەتلەرگە مۇنداق تەكلىپ بېرىمەن. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن چىقىرىش قەدىمىنى يەنە ئازراق چوڭايتىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا لايىقلىشىشقا تىرىشسا. مەسىلەن، پىچاق - جابدۇقلارنى باشقۇرۇش چارىسى قاتارلىق قانۇن - نىزاملار تېزدىن تۈزۈپ چىقىلسا.

ۋەكىل مەمەت تۇردى مۇنداق دېدى: ئۈچ دوكلاتقا تامامەن قوشۇلىمەن. خىزمەتتە خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش كېرەك. خىزمىتىمىزدە، ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىشىمىز، قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى پاش قىلىشىمىز ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىشىمىز لازىم.

ۋەكىل تاھىر داۋۇت مۇنداق دېدى: خەلق قۇرۇلتىيى نۇرغۇن يەرلىك قانۇن - نىزام تۈزدى، لېكىن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار ئۇلارنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرمەيۋاتىدۇ. ئۇندىن باشقا، سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا ج خ ئورگانلىرى ئۇلارغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى لازىم.

ۋەكىل ئابدۇۋەلى مۇنداق دېدى: ئۆتكەن بىر يىلدا ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى، بولۇپمۇ خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمى

ناھايىتى ئوبدان ئىجرا قىلىندى. بۇ ھەقتىكى تەكلىپ، خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرگە ۋاقتىدا جاۋاب بېرىشى لازىم. ئىككى مەھكىمە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى، ھالبۇكى، بەزى جايلار، بەزى تارماقلار ياكى شەخسلەر خاراكتېرى ئوخشاشمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى توغرا پەرقلەندۈرمەيۋاتىدۇ، بەزى خىزمەت ئۇسۇللىرى توغرا بولمايۋاتىدۇ، بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز.

ۋەكىل فەن شەنچېڭ مۇنداق دېدى: خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن تۇرغۇزغاندا، ھەممىگە تەڭ ئېسىلىۋالماي، مادارىنىڭ يېتىشىچە ئىش قىلىشى كېرەك. ھازىر قانۇن - نىزام كۆپ، لېكىن قانۇن ئىجرا قىلغۇچى بەزى خادىملارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، شۇنداق قىلمىغاندا قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ دېلو بېجىرىش راسخوتىنى كۆپەيتىپ، يۇقىرى مائاش ئارقىلىق پاكلىقتا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ۋەكىل چېن جۇەن مۇنداق دېدى: قانۇن تۇرغۇزۇشتا شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، قانۇن - نىزاملارنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئەمەلىيلىكىنى كۈچەيتىش لازىم. ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە ئىنكاس قىلىش ناھايىتى ياخشى تۈزۈم، بۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە ئاممىنىڭ نازارەتچىلىكىگە پايدىلىق. خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتە ئۇلارنى دوكلات بەرگۈزۈپ باھالاش چارىسى ناھايىتى ياخشى، لېكىن بۇنىڭ سالمىقى تېخى يېتەرلىك ئەمەس. تەپتىش ئورگانلىرى خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايەتلەرگە كۈچلۈك زەربە بېرىشى لازىم.

ۋەكىل ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇنداق دېدى: ۋەكىللەر ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «پاختا ۋە نېفىت» تىن ئىبارەت بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا تونۇشى كېرەك. بۇنىڭدىكى مۇھىم نەرسە ئۆز يېرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ھەركىم ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى كۆرسىتىش، رايون ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش. تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەندە، ئۈزۈم ۋە ساياھەتچىلىك تۇرپاننىڭ رايون ئۈستۈنلۈكى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تۇرپاننىڭ يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر ياخشى بولدى. دېھقانلار ئۈزۈم كىرىمىگە تايانغاچقا تۇرمۇشى بىر قەدەر باياشات بولدى. ئەمما، ئىچكى جايلاردىكى دېھقانلار ۋە رايونىمىزنىڭ بەزى جايلىرىدىكى دېھقانلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تېخى باي دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ھازىرقى ھالەتكە شۈكرى قىلىپ، ئازراق بېيىپلا قانائەتلىنىپ قېلىش ئىدىيىسىنى تۈگىتىپ، ئۈزۈمنى جانلاندۇرۇشقا راسا ئەجىر قىلىش كېرەك. تۇرپاننىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى شارائىتى بىر قەدەر ياخشى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى ئۆزگىرىش ناھايىتى زور بولدى، ئەمما يېزىلاردىكى ئۆزگىرىش چوڭ بولمىدى. شارائىتى بار جايلاردا يېزا - بازار قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، يېزىلار قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش كېرەك. تۇرپاننىڭ ساياھەتچىلىكىگە كەلسەك: 1. تۇرپان - ئۈرۈمچى - داخۇاڭشەن يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولىدا قاتناش باشلىنىپ تۇرپاننىڭ ساياھەتچىلىكىگە ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى، شۇنداقلا خىرىسمۇ پەيدا قىلدى. ساياھەتچىلەر بىر كۈن ئىچىدىلا ھەممە مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ بولىدۇ. شۇڭا مەنزىرىلىك جايلارنى ئېچىشنى تېزلەشتۈرۈش كېرەك. ساياھەت تۈرلىرىنى يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. تۈرلەرنى قۇرۇشقا كېتىدىغان مەبلەغنى سودىگەر چاقىرىش يولى بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دۆلەتتىن ئالغىلىمۇ بولىدۇ. 2. ساياھەت بويۇملىرىنى ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. تۇرپاننىڭ ساياھەت خاتىرە بويۇملىرى ئاساسەن سىرتقى جايلاردىن كىرگۈزۈلگەن. مەسىلەن، دۇربۇن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ، ئۇيغۇر دوپپىلىرى بولسا خوتەننىڭ، پىچاقلار بولسا يېڭىسارنىڭ، تۇرپاننىڭ ئۆزىنىڭ خاتىرە بويۇملىرىنى ئاساسەن كۆرگىلى بولمايدۇ. ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان مەنزىرە نۇقتىلىرىنى قوغداش مەسىلىسىگە كەلسەك، مەنزىرىلىك جايلارنىڭ ئىشىك بېلىتىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق خىراجەت غەملەشكە بولىدۇ. بۇ ئىشنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار قوللىشى كېرەك. رايون ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشتا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئالدى بىلەن ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، قاراشنى ئۆزگەرتىش، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ئاممىمۇ ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، قاراشنى ئۆزگەرتىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا رايون ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ۋەكىل ئابدۇرېھىم سەيپۇل مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى 1998 - يىلى ھەقىقەتەن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى ھەمدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. ئەمما تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەرنى بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە داۋاملىق كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. بىرىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى ھەمدە دائىمىي كومىتېتنىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە رولىنى تەشۋىق قىلىش سالمىقى يېتەرسىز.

ئىككىنچى، قانۇن تۈزۈش خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىش، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ساھەگە دائىر قانۇنلارنى تۈزۈش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. ئۈچىنچى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ، تەنقىد، پىكىرلەرنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. بەزىدە تۆۋەندىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا كەلگەندە ئۇزۇن ۋاقىت بېسىلىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ۋاقتىدا جاۋاب بېرىلمەيدۇ، بەزى تەكلىپ، پىكىرلەر قول ئۈچىدىلا بېجىرىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە ئوبدان ھۆرمەت قىلىنمايدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر قايسى نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ، تەنقىد، پىكىرلىرىگە ۋاقتىدا، ئەستايىدىل جاۋاب بېرىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ۋەكىل راخمان مەسۇم مۇنداق دېدى: خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت دوكلاتى بىر يىلدىن بۇيان ئىشلىگەن خىزمەتلەر ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن. ئەمما بەزى مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت. 1. ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش، مۇلازىمەت قىلىش جەھەتلەردىكى فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش سالمىقى يېتەرلىك ئەمەس. مەسىلەن، پاختا قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ مۇلازىمەت قىلىش فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىش، ئۆز ۋاقتىدا يېتەكچى باھانى ئېلان قىلىش كېرەك، شۇنداقلا سېتىش يوللىرىنىمۇ ۋاقتىدا قويۇۋېتىش كېرەك. بولمىسا، ئوڭايلا كەسپىي مونوپوللۇق شەكىللىنىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە، ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا زىيان يېتىدۇ. 2. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىستىلى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. بەزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى ئاددىي، قوپال، يۇقىرىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش ئالدىدىكى قايىل قىلىش، تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتىنى ئىشلىشى يېتەرسىز، شۇنىڭ بىلەن پارتىيىگە مەسئۇل بولۇش بىلەن خەلققە مەسئۇل بولۇشنى قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدىغان ھالەت شەكىللەندۈرىدۇ. 3. قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. بەزى ئاساسىي قاتلامدىكى قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملار خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت بىلەن دوست ـ دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئايرىماي، قوپاللىق بىلەن پۇقرالارنى قورقىتىدۇ، ئۇلارنى خالىمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا زورلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن پارتىيە ۋە خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزىدۇ. 4. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، يەرلىك بىلەن بىڭتۈەننىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ياخشى ئىشلەش لازىم.

ۋەكىل ئاۋۇت داۋۇت مۇنداق دېدى: خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدىلىپتۇ، ئوبيېكتىپ بوپتۇ، ئۇنى تامامەن ھىمايە قىلىمەن. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى چۆرىدەپ، نازارەتچىلىكنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. مېنىڭ تەكلىپىم: 1. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيىلىك، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىغا دائىم چوڭقۇر چۆكۈپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ يېتەكلىسە. ناھىيىلىك، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت شارائىتى ناچار، قاتناش ۋاستىلىرى كەمچىل. يۇقىرى دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ ھەل قىلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يىغىنغا سىرتتىن قاتناشقان خۇ چاڭئەن مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت، خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدۇق، مېنىڭچە ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ. بۇ دوكلاتلارنى ئاڭلاپ، ۋەزىيەت، 1999 ـ يىللىق ۋەزىپىلەر، قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىرلەرنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرىۋالدۇق. 1999- يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ، جۈملىدىن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە ۋەزىپىسى ئېغىر، بۇنىڭغا دىئالېكتىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىشىمىز لازىم. ھەر تەرەپتىكى قىيىنچىلىق كۆپ بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەپ، چارۋىچىلىقتا ئاساسلىق ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى ئاساسلىق تەدبىر قىلىش لازىم. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە ـ خەلق ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇندىشىمىز لازىم.

ۋەكىل تۇردى نىياز مۇنداق دېدى: يېزىلاردا يولغا قويۇلغان دېموكراتىك باشقۇرۇش، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش دېھقانلارنىڭ ھىمايىسى ۋە قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. لېكىن ھازىر بۇ خىزمەتتە يەنە مۇكەممەل بولمايۋاتقان تەرەپلەر بار، ئاساسلىقى يولغا قويۇشنى قانداق قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى. بەزى جايلار ئاممىغا كۆرسىتىش ئۈچۈن شەكىلگىلا ئىشلەۋاتىدۇ، نۇرغۇن مەسىلىلەر يوشۇرۇنۇپ قېلىۋاتىدۇ.

ۋەكىل لى دېخۇڭ مۇنداق دېدى: دېموكراتىك باشقۇرۇش، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش يېزىلاردىكى كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىشتىكى تەدبىر، شۇنداقلا ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ ۋە قوغداپ، يېزىلاردىكى ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر. هازىر، دېموكراتىك باشقۇرۇش، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاشنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئومۇملىشىش نىسبىتى %80 كە يەتتى. ئىجرا قىلىنىش جەريانىدا ئۆلچەملىك بولمايۋاتىدۇ. مەسىلەن، بەزىلىرى ئومۇمىي ھېساباتىنىلا چىقارغان بولسىمۇ، كونكرېت، ئىنچىكە ھېساباتىنى چىقارغىنى يوق. بۇنىڭدىن مەسىلىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بەزىلىرى قانچىلىك پۇل چىقىم قىلىنغانلىقىنىلا كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن پۇلنىڭ زادى نەگە ئىشلىتىلگەنلىكى توغرىسىدا ئىزاھات بەرمىگەن. 1998 - يىلى مەكىت ناھىيىسى دېموكراتىك باشقۇرۇش، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاشنى يولغا قويۇشتا بىرلەشتۈرۈپ، ناھىيە بويىچە «ئۈچنى ئېنىقلاش» يەنى قالايمىقان ئىگىلىۋالغان تېرىلغۇ يەرلەرنى ئېنىقلاش، قايتۇرۇلمىغان قەرز پۇلنى ئېنىقلاش، ئىگىلىۋالغان ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى ئېنىقلاش ئىشىنى ئېلىپ باردى، بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى. بۇنى ئۆلگە قىلىشقا ۋە كېڭەيتىشكە ئەرزىيدۇ.

ۋەكىل جاقىپ مىرزاقان مۇنداق دېدى: ئىككى مەھكىمىنىڭ دوكلاتىدا ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتى ۋەكىللەرگە ئەتراپلىق، تەپسىلىي دوكلات قىلىنىپتۇ، بىز ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىدىن رازى. لېكىن بەزى مەسىلىلەرگىمۇ يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئەدلىيە ئورگانلىرى، سىياسىي قانۇن قوشۇنىدىكى چىرىكلىك مەسىلىلىرىگە ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتىدۇ. مەسىلە خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن هازىرغىچە تۈپتىن ھەل قىلىنغىنى يوق. هازىر ئاممىنىڭ ئەڭ ئەندىشە قىلىۋاتقىنى ئەدلىيە ئورگانلىرى، سىياسىي قانۇن قوشۇنىدىكى چىرىكلىك مەسىلىسى، ئەگەر ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇن بويىچە ئىش بېجىرمىسە، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلمىسا، ئاممىنىڭ قانۇنىي هوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ قوغدىلىشى ناھايىتى تەس بولىدۇ، ئەدلىيە ئورگانلىرى ئاممىنىڭ قوللىشى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ، شۇنداقلا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يېتىدۇ.

ۋەكىل مىڭ دېخسەي مۇنداق دېدى: پاسپورت سېتىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى جازالاشتا ئاساسلىنىدىغان مۇناسىپ قانۇن - نىزام بولۇشى كېرەك.

ۋەكىل سۇلايمان مۇنداق دېدى: ئۆتكەن بىر يىلدا ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بىرىنچىدىن، قانۇن چىقىرىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى؛ ئىككىنچىدىن، قانۇن ئىجراسى نازارەتچىلىكى ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكى سالمىقى كۈچەيتىلدى. ئىككى مەھكىمە خىزمىتىدىمۇ ناھايىتى زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى. ئىلگىرى سىياسىي قانۇن تارماقلىرى دېلونى ۋاقتىدا بېجىرمەيتتى، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، دېلونى ئادىل بېجىرمەسلىك مەسىلىسى بىر قەدەر كۆپ، بۇنىڭغا ئاممىنىڭ پىكرىمۇ كۆپ. ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدىمۇ ۋەكىللەر ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىگە بىر قەدەر كۆپ پىكىر بەرگەن. بىر يىللىق تەربىيە ۋە تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئارقىلىق ئىككى مەھكىمە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ۋەكىللەرمۇ، ئاممىمۇ رازى بولدى. ئىككى مەھكىمىنىڭ دوكلاتى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ناھايىتى ئېنىق يېزىلىپتۇ. پەقەت ئىككى مەھكىمە دوكلاتىدا ئېيتقاندەك، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، خىزمەت هوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزسىلا، باش شۇجى جياڭ زېمىن 15 - قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويغان 2010 - يىلغىچە دۆلىتىمىزنى سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش نىشانىنى جەزمەن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ۋەكىل ھەسەنبېك تۇردى مۇنداق دېدى: ئۈچ دوكلات ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا يېزىلىپتۇ. مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ دوكلاتىدىن 1998 - يىلى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ياخشى ئىشلەنگەنلىكىنى، قانۇن چىقىرىش، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق تەرەپلەردە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى 15 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، مۇشۇ بويىچە خىزمەتنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرسىلا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى جەزمەن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بىرىنچىدىن، قانۇن نازارەتچىلىكى بىلەن خىزمەت نازارەتچىلىكىنى بىرلەشتۈرۈش، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم؛ ئىككىنچىدىن، ۋەكىللەرنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، دائىمىي كومىتېتنىڭ تۆرلۈك خىزمەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلدۇرۇش لازىم؛ ئۈچىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار قانۇن بىلىملىرىنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىشى، قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈشى، قانۇن

ئېشىنى كۈچەيتىشى، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىدە زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى، بولۇپمۇ 1998 ـ يىلدىكى تەربىيە ۋە تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىدە خاتا بېجىرىلگەن بىر قىسىم دېلونى تۈزەتتى، قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملاردىن بىر تۈركۈمنى بىر تەرەپ قىلدى، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، ياخشى ئوبراز تىكلىدى.

ۋەكىل جاڭ يۈجى مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىر يىلدىن بۇيان نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، بولۇپمۇ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى تولۇق يۈرگۈزدى، خەلق ۋەكىللىرى ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى ياخشى پىلانلىشى كېرەك.

ۋەكىل مۇھەممەت نۇر، مۇھەممەت مۇسا مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن ئارقىلىق تۈزەش بويىچە چوڭ قەدەم تاشلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە نازارەتنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئەقىل كۆرسىتىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىشى لازىم. ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، ئۈچ دوكلاتقا تامامەن قوشۇلىمەن.

ۋەكىل جۇ جيەنخۇا مۇنداق دېدى: مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ دوكلاتى ئەتراپلىق، چوڭقۇر، ئوبيېكتىپ ۋە ئەمەلىي بوپتۇ. دوكلاتتا پىكىر يولى ئېنىق، چۈشىنىشلىك، تەدبىر كۈچلۈك بوپتۇ. 1998 ـ يىللىق خىزمەتلەر ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا يەكۈنلىنىپتۇ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاكتىپ ئىشلەپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بىرىنچىدىن، قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى. بىر يىلدىن بۇيان، دائىمىي كومىتېت يەرلىك نىزامدىن 10 نى ماقۇللىدى. مەن ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭمۇ ۋەكىلى بولغان، شۇڭا ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ سان جەھەتتە يىلدىن يىلغا كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، سۈپىتىنىڭمۇ يىلدىن يىلغا ئۆسۈۋاتقانلىقىنى بىۋاستە ھېس قىلدىم. بۇ نىزاملارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يولغا قويۇلۇشى بىلەن، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ ھەم بارلىق پۇقرالارنىڭ ھەرىكىتى قېلىپلاشتى، مەمۇرىي ھوقۇقتا بولغان چەكلەش كۈچەيدى، نازارەتچىلىك ئۈنۈمى ئۆستى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئىككىنچىدىن، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىك سالمىقى ئاشۇرۇلدى. دائىمىي كومىتېت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى چوڭ مەسىلىلەر، شۇنىڭدەك خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتىلىق، قىيىن نۇقتىلىق مەسىلىلەر، ئائىلىلىك دېھقانلار سېلىقىنى يېنىكلىتىش، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، پارتىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تۈرلۈك فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى، ئەدلىيە ئادىللىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى يېقىندىن چۆرىدەپ، كۆزدىن كەچۈرۈشكە، تەكشۈرۈشكە، خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاشقا ۋە قاراپ چىقىشقا ئويۇشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلدى ۋە قوللىدى، بۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ماختىشى ۋە ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولدى. ئۈچىنچىدىن، ئاجايىپ ئۈنۈملۈك خىزمەت ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە تۈزەش سۈرئىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ئاساسىي قاتلامغا، ئامما ئارىسىغا، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، سەككىز قانۇن ۋە 15 بەلگىلىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، قانۇننى يولغا قويۇش جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى قانۇن بويىچە تۈزەتتى ۋە ھەل قىلدى. سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، بولۇپمۇ ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى جىن شىخۇي بىۋاستە مەسئۇل بولۇپ، دائىم سۈرۈشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە مەدەت بەردى، شۇنىڭ بىلەن دائىمىي كومىتېتتىكى بىر بەن ئادەمنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىگە بولغان نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقلىرىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە ۋەكىللەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ئۆتكەن يىلى كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش چارىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى، خام چوتنى نازارەت قىلىش چارىسىنى تۈزدى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار چىقاردى. «ئىككى چارە، بىر قارار» نىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يولغا قويۇلۇشى جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ۋە ئاساسىي قاتلام خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بەزى كىشىلەرنىڭ خ ق دائىمىي كومىتېتى 2 ـ سەپتىكى بەنزە، قېرىلارنى باقىدىغان جاي، سايلام


بېلىتى تولدۇرىدىغان ماشىنا دېگەنگە ئوخشاش ناتوغرا تونۇشلىرى ئۆزگەردى. مەن خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ سايلانغىنىمغا ئەمدىلا بىر يىل بولدى، مېنىڭچە، قالدۇرۇلغان ئەڭ چوڭقۇر تەسىرات شۇكى، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتى پارتكومنىڭ قوللىشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشىدىن ئايرىلالمايدىكەن. بىرەر ئورۇنغا ئىگە بولمەن دەيدىكەنمىز، خىزمەتتە ئۆتۈق قازىنىشىمىز كېرەك. بۇ قېتىمقى يىغىندىن ئىلگىرى شۆجى ۋاڭ لېچۈەن مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار يىغىنىدا، يېڭى تارىخىي دەۋردە، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، خ ق دائىمىي كومىتېتى خىزمەت بەنزىسى ھېسابلىنىدۇ دەپ تەكىتلىدى. بۇ سۆز خ ق دائىمىي كومىتېتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنى زور دەرىجىدە ئىلھاملاندۇردى، بىزنىڭ خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىشەنچىمىز ۋە ئىرادىمىزنى ئاشۇردى. بىز قايتىپ بارغاندىن كېيىن، شۆجى ۋاڭ لېچۈەننىڭ سۆزىنى ئۆگىنىش ۋە يەتكۈزۈشكە ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەيمىز.

**ۋەكىل ھەسەن قامىتباي مۇنداق دېدى:** ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەردىكى رەھبەرلەر، بولۇپمۇ ئاساسىي رەھبەرلەر قانۇن ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇنغا ئاساسلانماسلىق، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قانۇننى بېسىشتەك مەسىلىلەرنى ھەقىقىي تۈزىتىش لازىم. قانۇنچىلىق تەشۋىق - تەربىيە سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەر خىل جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى خىزمەت ئەمەلىيىتىدە، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بولغان نازارەتچىلىكنى، مەمۇرىي ئورگان، سوت ۋە تەپتىش ئورگىنىنىڭ خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى، دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىغا بولغان نازارەتچىلىكنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشى ۋە كۈچەيتىشى كېرەك. نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ئېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، نازارەتچىلىك تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىك شەكلىنى كېڭەيتىپ، نازارەتچىلىك ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش لازىم.

**ۋەكىل لىن خۇڭچۈەن مۇنداق دېدى:** بىڭتۈەن ھەربىي قىسىم تۈزۈلمىسىدە بولۇپ، كارخانا تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ، بىڭتۈەندە خ ق دائىمىي كومىتېتىمۇ، خەلق ھۆكۈمىتىمۇ يوق. شۇڭا نازارەتچىلىكتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى ھەل قىلىشى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ توغرا يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئىككى مەھكىمىدىكى كادىر - ساقچىلارنىڭ ساپاسىنى جىددىي ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولۇش، جازانى توغرا ئۆلچەش، دېلونى قانۇن بويىچە بېجىرىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

**ۋەكىل شاڭ شياڭجى ئۆز سۆزىدە:** خ ق دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدە پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى پارتكومنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇش، نازارەت قىلىش داۋامىدا، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىنى قوللاش، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان قىزىق نۇقتىلىق، قىيىن نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ھەل بولغىچە قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇش، پارتكومغا خەلقنىڭ رايىنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىش، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلدى: ① خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ دوكلاتىدا، خىزمەت نازارەتچىلىكى ۋە قانۇن نازارەتچىلىكى جەھەتتە كەلتۈرۈلگەن مىساللار ئازراق بولۇپ قاپتۇ. ② ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىشى كېرەك. ③ ئىككى مەھكىمىدە يولغا قويۇلغان خاتا دېلودا جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرسە، ھوقۇقتا چەك قويۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىنسا. ④ تەپتىش ئورگانلىرى — دۆلەتنىڭ قانۇن نازارەتچىلىكى ئورگىنى، يېڭى ۋەزىيەتتە، قانداق قىلغاندا سالماقنى ئاشۇرۇپ، تەپتىش ئورگىنىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆستىگە ئالالايدىغانلىقىنى يەنىمۇ مۇھاكىمە قىلىپ، يولغا قويۇشقا بولىدىغان تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويسا.

**ۋەكىل جاڭ شىخاۋ مۇنداق دېدى:** بىرىنچى، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ دوكلاتىدا، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش خىزمىتى تىلغا ئېلىنماپتۇ. ئىككىنچى، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋەكىللەرنىڭ قارالما ۋە پىكىرلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۈچىنچى، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيىلىك، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئىچكى ئاپپارات سانى، نامى ۋە كادىرلىرىنىڭ شتاتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرسە.



# يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق

(بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

## تۈپ قانۇن

تۈپ قانۇن دېگەنلىك ئاساسىي قانۇننىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولۇپ، دۆلەتنىڭ تۈپ تۈزۈملىرى ۋە تۈپ ۋەزىپىلىرىنى، پۇقرالارنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى بەلگىلەش شۇنىڭدەك دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە خىزمەت ھوقۇقىنى بەلگىلەش قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى قانۇنلارنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسىي قانۇن ئەڭ يۇقىرى قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش پائالىيىتىدىكى قانۇنىي ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. باشقا قانۇنلارنى تۈزۈشتە تۈپ قانۇن ئاساس قىلىنىدۇ، باشقا قانۇنلارنى تۈپ قانۇن بىلەن زىتلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا، تۈپ قانۇن يەنە ئانا قانۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۈپ قانۇندا دۆلەتنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەڭ تۈپ، ئەڭ مۇھىم پرىنسىپلار ۋە تۈزۈملەر بەلگىلىنىدۇ. بۇ بەلگىلىمىلەر جەمئىيەتتىكى بارلىق چوڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە ئالاقىدار بولىدۇ. شۇڭا، تۈپ قانۇننى تۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەرتىپى جەھەتتە ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قويۇلىدۇ. ئادەتتە قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرىدىكى بارلىق ۋەكىللەرنىڭ ياكى پارلامېنت ئەزالىرىدىن ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ياكى بەشتىن ئۈچ قىسمىدىن كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق تۈپ قانۇن تۈزۈلىدۇ ياكى ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدۇ. بەزى دۆلەتلەر ھەتتا ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن بەزى ماددىلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ، دەپ بەلگىلىمە چىقارغان.

## ئومۇمىي قانۇن

ئومۇمىي قانۇن دېگەنلىك ئالاھىدە قانۇننىڭ سىممېترىيىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمىي قانۇن يەنە ئادەتتىكى قانۇن دەپمۇ ئاتىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە بارلىق پۇقرالار ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان قانۇننى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمىي قانۇندا دۆلەتنىڭ مەلۇم تۈزۈملىرى ياكى مەلۇم بىر تۈردىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان قانۇنلىرى بەلگىلىنىدۇ. ئۇنىڭ قانۇنىي كۈچى تۈپ قانۇندىن كېيىن تۇرىدۇ. ئومۇمىي قانۇننى تۈزۈشتە تۈپ قانۇن ئاساس قىلىنىدۇ. ئومۇمىي قانۇننى تۈپ قانۇن بىلەن زىتلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى، ئىقتىسادىي قانۇنى شۇنىڭدەك ھەر خىل

دەۋا قانۇنلىرىنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي قانۇنغا تەۋە بولىدۇ.

### سۇبىستانسىيە قانۇنى

سۇبىستانسىيە قانۇنى يەنە ئاساسلىق قانۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ تەرتىپ قانۇنىنىڭ سىممېترىيىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، نىكاھ ۋە ئائىلە ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە قايسى قانۇنلاردىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى، قايسى مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىملىقىنى، ئاساسىي قانۇن، ھەق تەلەپ قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، نىكاھ قانۇنى، مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى، ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سۇبىستانسىيە قانۇنى كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.

### تەرتىپ قانۇنى

تەرتىپ قانۇنى يەنە ياردەمچى قانۇن، سوت قىلىش قانۇنى ياكى دەۋا قانۇنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ سۇبىستانسىيە قانۇنىنىڭ سىممېترىيىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قانۇن سۇبىستانسىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت مۇناسىۋىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن دەۋا تەرتىپىگە ئالاقىدار قانۇنلارنى كۆرسىتىدۇ. تەرتىپ قانۇنى سۇبىستانسىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسى. تەرتىپ قانۇنى بولمىسا، سۇبىستانسىيە قانۇنىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، شۇنىڭدەك مەمۇرىي ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ ھەممىسى تەرتىپ قانۇنى كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.

### ئالاھىدە قانۇن

ئالاھىدە قانۇن ئومۇمىي قانۇننىڭ سىممېترىيىسى بولۇپ، ئالاھىدە رايون، ئالاھىدە مەزگىل، ئالاھىدە ئىش ياكى ئالاھىدە پۇقرالارغا ماس كېلىدىغان قانۇن شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتىكى قانۇن بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئالاھىدە قانۇن: (1) ۋاقىت جەھەتتە ئالاھىدە مەزگىلگە ماس كېلىدۇ؛ (2) ساھە جەھەتتە ئالاھىدە رايونغا ماس كېلىدۇ؛ (3) ئادەمگە ئالاقىدار تەسىر كۈچى جەھەتتە شۇ دۆلەتتىكى بارلىق پۇقراغىلا ماس كېلىۋەرمەستىن، بەلكى بەلگىلىك بىر قىسىم پۇقرالارغىلا ماس كېلىدۇ.

### تۈزۈلگەن قانۇن

تۈزۈلگەن قانۇن يەنە يازما قانۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ ئادەت قانۇنىنىڭ سىممېترىيىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قانۇن مەلۇم دۆلەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تۈزۈپ چىقىلغان، دۆلەتنىڭ مەجبۇرلاش كۈچى ئارقىلىق يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدىغان قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان يازما قانۇننىڭ مەزمۇنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئادەت قانۇنىدا، قانۇن تۇرغۇزۇلغان ئايرىم ھۆججەتلەردە ۋە ئەڭ ئاساسلىق ھۆكۈملەردە خاتىرىلەنگەن. كېيىن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇرەككەپلىشىشىگە ئەگىشىپ، يېڭى، مەخسۇس قانۇنلار پەيدا بولغان. مانا بۇ تۈزۈلگەن قانۇن ھېسابلىنىدۇ. قانۇننىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، يازما قانۇن تەدرىجىي كۆپىيىدۇ، ئادەت قانۇنى بولسا كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىدۇ. دۆلىتىمىزدە ئاساسەن تۈزۈلگەن قانۇن يولغا قويۇلىدۇ، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە بولسا ئاساسەن ئادەت قانۇنى يولغا قويۇلىدۇ.

### ئادەت قانۇنى

ئادەت قانۇنى يەنە يېزىقسىز قانۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ تۈزۈلگەن قانۇننىڭ سىممېترىيىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قانۇن دۆلەت ماقۇل بولغان، ئالاھىدە مەجبۇرلاش كۈچىگە ۋە ئومۇمىيۈزلۈك چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولغان ئادەتنى كۆرسىتىدۇ. ئادەت قانۇنى قانۇن پەيدا بولۇشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپادىلىنىش شەكلى ھېسابلىنىدۇ. دەسلەپتە دۆلەت تەرىپىدىن تېخى قانۇن بەلگىلەنمىگەن ئەھۋالدا يۈز بەرگەن ئەنزىلەر مەلۇم خىلدىكى ئۇسۇللار ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، كېيىن ئوخشاش ئەنزىلەرنى ئوخشاش ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىش قايتا ـ قايتا تەكرارلىنىۋېرىپ ئاخىردا بۇ خىل ھەرىكەت قائىدىسى شەكىللەنگەن. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار مۇنداق ھەرىكەت قائىدىسىدىن تاللاپ پايدىلانغان، دۆلەت ئۇنى ئېتىراپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ قانۇن شۇ سىنىپ ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي قائىدىگە ئايلىنىپ، ئاندىن قانۇن كۈچىگە ئىگە بولغان. شۇ ئارقىلىق ئەڭ بۇرۇنقى ئادەت قانۇنى شەكىللەنگەن. ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىدە ئادەت قانۇنى ئاساس قىلىنغان.

### دېموكراتىيە

دېموكراتىيە دېگەنلىك جەمئىيەتتىكى بارلىق ئەزالار-

...نىڭ كۆپ ساندىكى ئەزالىرىنىڭ سىياسەت بەلگىلەش پائالىيەتلىرىگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلىنى، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا بويسۇنىدىغان ھەمدە ئاز سانلىقلارنى قوغدايدىغان سىياسىي تۈزۈمنى، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ مەنپەئىتىنى ۋە ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ھەمدە ئۇنى مەلۇم دەرىجىدە ئوبيېكتىپ جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان سىياسىي جەرياننى كۆرسىتىدۇ. دېموكراتىيە ھەم سىنىپىيلىق بىلەن ئوبيېكتىپلىققا ئىگە، ھەم تارىخىي خاراكتېرى بىلەن تەدرىجىي ئىلگىرىلەش خاراكتېرىگە ئىگە. دېموكراتىيە ئالاھىدە بىر خىل دۆلەت فورماتسىيىسى ياكى دۆلەت تۈزۈمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «دېموكراتىيە — بىر خىل دۆلەت شەكلى ھەم بىر خىل دۆلەت فورماتسىيىسى. شۇڭا، ئۇ ھەر قانداق بىر دۆلەتكە ئوخشاش كىشىلەرگە تەشكىللىك، سىستېمىلىق ھالدا زورلاش كۈچ ئىشلىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن دېموكراتىيە شەكىل جەھەتتە پۇقرالارنىڭ بىردەك باراۋەر ئىكەنلىكىنى، كۆپچىلىكنىڭ دۆلەت تۈزۈملىرىنى بېكىتىش ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇشتا باراۋەر ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ». دېموكراتىيە پرىنسىپلىرى خەلقنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق پرىنسىپى، ھاكىمىيەتنى چەكلەش پرىنسىپى، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش پرىنسىپى، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى پرىنسىپى، ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپى قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ، مانا بۇلار ئورتاق ھالدا دېموكراتىك سىياسىي ھەرىكەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرگەن. سىياسەت بەلگىلەش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، دېموكراتىيە ئەمەل قىلىدىغان پرىنسىپ ئاساسەن كۆپ سانلىقلار قارار قىلىش پرىنسىپى يەنى ئاز سانلىقلار كۆپ سانلىقلارغا بويسۇنۇش پرىنسىپى ۋە ئاز سانلىقلارنى قوغداش پرىنسىپىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككى تەرەپ ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، بىر - بىرىنى چەكلەيدۇ، بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. دېموكراتىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چوقۇم ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتتە مۇئەييەن شارائىتلارنى ھازىرلاش ۋە قانۇن - تۈزۈم جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم.

## ھوقۇق

ھوقۇق مەجبۇرىيەتنىڭ سىممېترىيىسى ھېسابلىنىدۇ. دۆلەت قانۇنىي بەلگىلىمە ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مەلۇم خىلدىكى ھەرىكەتلىرىگە يول قويىدۇ ۋە كاپالەتلىك قىلىدۇ. قانۇن بىر تەرەپتىن ئومۇمىيۈزلۈك چەكلەش كۈچىگە ئىگە ھەرىكەت قائىدىسى ھېسابلىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئومۇمىيۈزلۈك كاپالەت قىلىش كۈچىگە ئىگە ھەرىكەت قائىدىسى ھېسابلىنىدۇ. ھوقۇق دۆلەتنىڭ قانۇنىي بەلگىلىمىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. مۇناسىپ ھالدىكى قانۇنىي بەلگىلىمە بولمىسا، دۆلەت مەلۇم خىلدىكى ھەرىكەتلەرگە يول قويالمايدۇ ۋە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ، مۇناسىپ ھالدىكى ھوقۇقمۇ بولمايدۇ. ھوقۇق دۆلەتنىڭ كىشىلەرنىڭ مەلۇم خىلدىكى ھەرىكەتلىرىگە قارىتا چىقارغان كاپالەتنامىسى. ئەڭ بىۋاستە مەنىدىن ئېيتقاندا، ھوقۇق ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھوقۇقى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىغاندا، دۆلەتنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىش ھەرىكەتلىرىنى چەكلەش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىدا، ھوقۇق ئوبيېكتلىرىنىڭ ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاشىلا قىلىش ھەرىكەتلىرىنى تۈگىتىشتە ئىپادىلىنىدۇ. ئومۇمەن، دۆلەت يول قويغان ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلغان ھەرىكەتلەرگە ھەر قانداق دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا بىردەك يول قويۇلمايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان قانۇنىي ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. دۆلەتنىڭ بۇ خىل كاپالەتكە ئىگە قىلىشى يەنە كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىغاندا قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىر خىل يوشۇرۇن شەكىل ئارقىلىق ئۇقتۇرۇپ قويۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ھوقۇقنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىش رولى يەنە دۆلەتنىڭ ھوقۇقنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن ماددىي جەھەتتىن مۇمكىنقەدەر كۆپ كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. دۆلەت پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىغا دائىر قانۇنلارنى تۈزگەندە، مۇشۇنداق قانۇنىي تۈزۈشنىڭ دۆلەت، جەمئىيەت ۋە شەخسكە قانداق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئويلىشىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بۇنداق ھوقۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ماددىي شارائىتلىرىنى ھەمدە شۇ ئارقىلىق چەكلىنىدىغان مەدەنىي شارائىتلارنىڭ ھازىرلانغان - ھازىرلانمىغانلىقىنى ئويلىشىش لازىم. ھوقۇق يەنە مۇستەقىللىققا ئىگە، يەنى ھوقۇق دۆلەت يول قويغان ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلغان ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى ھوقۇق سۇب-

يېكتىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھوقۇق سۇبيېكتى ئەركىن بولىدۇ. ھوقۇق سۇبيېكتلىرى مەلۇم تۈردىكى ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش - بولماسلىقنى ئۆز ئالدىغا بېكىتىشتە ھامان ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتىدۇ. قانۇندا بېكىتىلگەن ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە، دۆلەت ھوقۇق سۇبيېكتلىرىغا قارىتا ھەر قانداق مەجبۇرلاش ياكى چەكلەش تەدبىرلىرىنى ئىشلەتمەيدۇ. ئەمما قانۇنمۇ ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلمايدۇ. ھەر قانداق ھوقۇق مەلۇم دائىرە ۋە چەك ئىچىدە بولىدۇ، يەنى ھوقۇق سۇبيېكتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغاندا، دۆلەتنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

### مەجبۇرىيەت

مەجبۇرىيەت ھوقۇقنىڭ سىممېترىيىسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ دۆلەتنىڭ قانۇنىي بەلگىلىمە ئارقىلىق قانۇنغا ئالاقىدار سۇبيېكتلارنىڭ مەلۇم ھەرىكەتلىرىنى چەكلەيدىغان بىر خىل ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ كىشىلەردىن جەزمەن مەلۇم ھەرىكەتنى قىلىشنى ياكى مەلۇم ھەرىكەتنى قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق دۆلەت مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ ياكى ھوقۇق ئىگىلىرىنىڭ ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەت بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق بولۇپ، بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. ھەر قانداق بىر پۇقرانىڭ پەقەت ھوقۇقتىنلا بەھرىمەن بولۇپ، مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلماسلىقىغا يول قويۇلمايدۇ. ئاساسىي قانۇن بىلەن قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتنىڭ خاراكتېرى دۆلەتنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ.

### باراۋەرلىك

باراۋەرلىك كەڭ ۋە تار مەنىدىكى باراۋەرلىك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. كەڭ مەنىدىكى باراۋەرلىك كىشىلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەردە تۇرۇۋاتقان تەڭ ئورنى ۋە بەھرىمەن بولىدىغان ئوخشاش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ئوخشاش سالاھىيەتكە، ئوخشاش تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ۋە ئوخشاش تەمىناتقا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت. ئوخشاش سالاھىيەت دېگەنلىك سالاھىيەت، كىشىلىك قەدىر - قىممىتى باراۋەر بولۇشنى، يەنى كىشىلەر ئارىسىدا تەبىئىي پەرقىنىڭ بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسىنىڭ ئوخشاش قىممەتكە ۋە ئابرۇيغا ئىگە بولۇشنى، مۇستەقىل غۇرۇرغا ئىگە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى شۇنىڭدەك فىزىئولوگىيە جەھەتتىكى ئەۋزەل شارائىتلىرىدىن پايدىلىنىپ باشقىلارنىڭ غۇرۇرىغا ۋە ئابرۇيىغا زىيان يەتكۈزۈشىگە يول قويۇلمايدۇ. ئوخشاش تەرەققىيات پۇرسىتى ياكى پۇرسەت جەھەتتىكى باراۋەرلىك دېگەنلىك، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئوخشاش قاتنىشىشىنى، ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى باراۋەر تەرەققىي قىلدۇرۇشنى، ئىقتىسادىي ساھەدە ئەركىن رىقابەتلىشىشنى، سىياسىي ساھەدە سىياسىي پائالىيەتلەرگە باراۋەر قاتنىشىشنى كۆرسىتىدۇ. تار مەنىدىكى باراۋەرلىك جەمئىيەتتىكى سۇبيېكتلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنىنىڭ ئوخشاش بولۇشىنى، مەسىلەن، ئەر - ئاياللارنىڭ باراۋەر بولۇشى، پۇقرالارنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. باراۋەر بولۇش دائىم ئالدى بىلەن مەلۇم خىلدىكى كۆز قاراش، غايە ۋە تەلەپتە ياكى سىياسىي شوئاردا ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق كۆز قاراش ياكى تەلەپلەر ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە دۆلەتنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ئارقىلىق دۆلەتنىڭ بىر تۈرلۈك تۈزۈمىگە ياكى بىر تۈرلۈك پائالىيەت پرىنسىپىغا ئايلىنىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە باراۋەر بولۇش چەكلىك بولىدۇ، مۇتلەق ۋە شەرتسىز بولمايدۇ. كىشىلەر پەقەت مۇئەييەن مەزگىلدە، مۇئەييەن ساھەدە باراۋەرلىككە ئېرىشەلەيدۇ.

### مەملىكىتىمىزدە قانۇننى ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنىڭ پرىنسىپلىرى

قانۇندا بېكىتىلگەن ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى بويىچە قانۇندا بېكىتىلگەن تەرتىپ ئارقىلىق قانۇننى ئۆلچەملەشتۈرۈش پائالىيەتلىرى قانۇننى ئۇيغۇنلاشتۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، قانۇننى ئۇيغۇنلاشتۇرىدىغان ئورگانلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن قانۇننى ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئەدلىيە جەھەتتىن ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئەدلىيە ھوقۇقىغا ئىگە ئورۇنلار ۋە ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ قانۇنىي شەكىل

بويىچە قانۇننى كونكرېت ئەنزىلەرگىچە تەتبىقلاش پائالىيىتى ئەدلىيە جەھەتتىن ئۆيغۇنلاشتۇرۇش پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

مەملىكىتىمىزدىكى ئاساسلىق ئەدلىيە پرىنسىپلىرى ئاساسەن پۇقرالارنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇش پرىنسىپى؛ ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە مۇستەقىل يۈرگۈزۈش پرىنسىپى؛ پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش پرىنسىپى؛ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، خاتالىق بولىدىكەن چوقۇم تۈزىتىش پرىنسىپىدىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مەملىكىتىمىزدە قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش پرىنسىپى دېگەنلىك بارلىق پۇقرالارغا قارىتا مىللەت، ئىرق، جىنس، كەسىپ، كېلىپ چىقىش، دىنىي ئېتىقاد، مال - مۈلۈك ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئايرىماستىن قانۇننى بىر تۇتاش ئۆيغۇنلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

## قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر

قانۇن پۇقرالارنىڭ ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشنى ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتا باراۋەر ئورۇندا تۇرۇشنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە قوغدايدۇ، ھەر قانداق ئادەمنىڭ قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. دۆلىتىمىزنىڭ 1954 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇنىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى پۇقرالار قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. 1982 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇندا بۇ نۇقتا يەنە قايتا تەكىتلەنگەن ھەمدە نۇرغۇن تارماقلارنىڭ قانۇنلىرىدا بۇ پرىنسىپ ئومۇمىيۈزلۈك ئىپادىلەنگەن. قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش پرىنسىپى مۇنداق ئۈچ جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچىسى، قانۇن چىقىرىش جەھەتتىكى باراۋەرلىك بولۇپ، بارلىق پۇقرالاردا ئۆز ئىرادىسىنى باراۋەر ئىپادىلەش، قانۇن چىقىرىشقا باراۋەر قاتنىشىش ھوقۇقى بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، قانۇننى ئۆيغۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى باراۋەرلىك بولۇپ، دۆلەت قانۇننى ئۆيغۇنلاشتۇرغاندا بارلىق پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى باراۋەر ھالدا قوغدايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، سىياسىي ئورۇن جەھەتتىكى باراۋەرلىك بولۇپ، ئەر - ئاياللار باراۋەر بولۇش، ئىرق جەھەتتە، دىن جەھەتتە باراۋەر بولۇش، سايلاش ياكى سايلىنىشقا باراۋەر قاتنىشىش قاتارلىقلار كونكرېت بەلگىلەنگەن.

## سوتسىيالىستىك قانۇن بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە سىياسىتىنىڭ مۇناسىۋىتى

ھەر ئىككىلىسى سوتسىيالىستىك ئۈستقۇرۇلمىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىساد ئاساسىدا قۇرۇلغان ھەمدە بۇ خىل ئاساس ئۈچۈن ئورتاق خىزمەت قىلىدۇ، ھەر ئىككىلىسى ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى كەڭ خەلقنىڭ ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ ھەمدە ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئوخشاش سىياسىي ۋەزىپىنى ۋە تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ. ئالاھىدە شارائىت ئاستىدا، پارتىيە بىلەن دۆلەت بىرلىشىپ ئېلان قىلغان مەلۇم تۈردىكى قارار ياكى بەلگىلىمىلەر ھەم پارتىيىنىڭ سىياسىتى بولىدۇ، ھەم دۆلەتنىڭ قانۇنى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما قانۇن بىلەن پارتىيىنىڭ سىياسىتى ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكىدەك پەرقلەر بولىدۇ: ① قانۇن تۈزىدىغان ۋە سىياسەت بەلگىلەيدىغان ئورگان بىلەن تەرتىپ ئوخشىمايدۇ. قانۇننى دۆلەت تۈزىدۇ ياكى ئېتىراپ قىلىدۇ، دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى قانۇندا بېكىتىلگەن قانۇن چىقىرىش تەرتىپلىرى بويىچە تۈزۈپ چىقىدۇ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى بولسا پارتىيە تەشكىلاتلىرى بەلگىلەيدۇ. ② يولغا قويۇش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا دۆلەت مەجبۇرلاش كۈچى ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئۇ ئومۇمىيۈزلۈك چەكلەش كۈچىگە ئىگە. پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇشتا بولسا دۆلەتنىڭ مەجبۇرلاش كۈچىگە تايىنىشقا بولمايدۇ، پەقەتلا پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىلەن پارتىيە ئەزالىرى ئۆزىنى چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. ③ ئىپادىلەش شەكلى ئوخشىمايدۇ. قانۇن ئېنىقلىقتا ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خاراكتېرىغا ئىگە ھەمدە ماددا شەكلى ئارقىلىق ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھوقۇقى بىلەن مەجبۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى كونكرېت بەلگىلەيدۇ؛ ئەمما پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش خاراكتېرىنى ئالغان بولسىمۇ، بىراق قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئوخشاش ئېنىق، كونكرېت بولمايدۇ، ئادەتتە بىر قەدەر پرىنسىپلىق، خۇلاسە خاراكتېرلىك بولىدۇ، ھوقۇق، مەجبۇرىيەت ھەققىدىمۇ ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلمايدۇ. ④ تەڭشەش دائىرىسى ئوخشىمايدۇ. قانۇندا دۆلەت ھاكىمىيىتىگە ۋە خەلق مەنپەئەتىگە بىۋاسىتە ۋە زور تەسىرى بار ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت-

لەر، شۇنىڭدەك كىشىلەر بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر تەڭشىلىدۇ؛ پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى بولسا پۈتكۈل ئىجتىمائىي ساھەدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ، قانۇندا تەڭشىلىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ دائىرىسىدىن تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ. ⑤ نىسپىي مۇقىملىقى ئوخشىمايدۇ. قانۇننى بەلگىلىك قانۇن چىقىرىش تەرتىپى بويىچە دۆلەت ئورگانلىرى تۈزىدۇ، ئۆزگەرتىدۇ ياكى بىكار قىلىدۇ، ئۇ بىر قەدەر چوڭ مۇقىملىققا ئىگە؛ پارتىيىنىڭ سىياستى بولسا مەلۇم ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تۈزۈلىدۇ، ئۆزگەرتىلىدۇ ياكى بىكار قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ جانلىقلىقى بىلەن ئۆزگىرىشچانلىقى بىر قەدەر چوڭ، مۇقىملىقلىقى بىر قەدەر كىچىك. مەملىكىتىمىزدە قانۇن بىلەن سىياسەت ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار؛ سىياسەت بولسا قانۇن تۈزۈشنىڭ ئاساسى. سىياسەت تۈزگەندە ۋە ئۇنى يولغا قويغاندا ئاساسىي قانۇن بىلەن زىتلەشتۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ.

## قانۇنچىلىق

بۇ سۆز ئادەتتە ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. بىر خىلى، مۇقىم مەنىدىكى قانۇنچىلىق، يەنە تار مەنىدىكى قانۇنچىلىق دەپ ئاتىلىپ، قانۇن بىلەن تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ؛ يەنە بىر خىلى، ھەرىكەتچان مەنىدىكى قانۇنچىلىق، يەنە كەڭ مەنىدىكى قانۇنچىلىق دەپ ئاتىلىپ، قانۇن چىقىرىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش، ئەدلىيىچىلىك، قانۇنغا ئەمەل قىلىش ۋە قانۇن جەھەتتىن نازارەت قىلىش پائالىيەتلىرى ۋە جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى قانۇنچىلىق تەرەققىيات تارىخىدا زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قانۇن چىقىرىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش، قانۇنغا ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى ئاساس قىلىپ كەلدى ھەمدە قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشنى ئۆزىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى قىلىپ، بارلىق دۆلەت ئورگانلىرىدىن بولۇپمۇ مەمۇرىي ئورگانلاردىن چوقۇم رەسمىي ئېلان قىلىنغان قانۇننى ئاساس قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنىڭ قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى، پۇقرالارنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىنىڭ قانۇن جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىغانلىقىنى، ھەر قانداق ئادەمدە قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالاھىدە ئىمتىيازنىڭ بولمايدىغانلىقىنى تەلەپ قىلىپ كەلدى، مەملىكىتىمىزدىكى سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى «ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇن بولغانىكەن ئۇنىڭغا ئاساسلىنىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرۈش» تىن ئىبارەت.

## قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش

بۇ قانۇنغا ئاساسلىنىپ دۆلەتنى باشقۇرىدىغان بىر خىل سىياسىي تەشەببۇسنامە ياكى سىياسىي قانۇن ئىدىيىسى ھېسابلىنىدۇ. ھۆكۈمران سىنىپلار دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قانۇن ئارقىلىق چەكلەيدۇ ۋە ئىدارە قىلىدۇ، ئاممىۋى ھوقۇقنى ئۇنۇملۇك ئىدارە قىلىدۇ ۋە مۇۋاپىق تەتبىقلايدۇ، شۇ ئارقىلىق تۈزۈلگەن قانۇنلارغا ئومۇميۈزلۈك بويسۇنۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش دۆلەتنى باشقۇرۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى ۋە نەزەرىيىسى سۈپىتىدە ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇشقا قارىتىپ ئېيتىلغان. ھازىرقى زاماندىكى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش كاپىتالىستىك قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كاپىتالىستىك قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش فېئودال مۇستەبىتچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، يەنى «خەلق ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ھۆكۈمەتنى چەكلەش» ئارقىلىق دۆلەت ھاكىمىيىتى قانۇنچىلىق دائىرىسى بويىچە تەتبىقلانغان ۋە يولغا قويۇلغان. سوتسىيالىستىك قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش ھازىرقى زاماندىكى تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدىكى باشقۇرۇش بولۇپ، بۇنىڭدا خەلق دۆلەتنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ھوقۇقىدىن ئومۇميۈزلۈك بەھرىمەن بولىدۇ، بۇنداق باشقۇرۇش ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خەلق ئىگىلىك تەركىبى قۇرۇلمىسىدىكى سوتسىيالىستىك ئىقتىساد ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يادروسى شەخسلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ۋە مۇستەبىتچىلىككە قارشى تۇرۇش، قانۇندىن ھالقىغان ئىمتىيازغا قارشى تۇرۇش، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئالغا ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت. ھازىرقى زاماندىكى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى قانۇننى تەتبىقلاشنى دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم قورالى قىلىش، شۇ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى قانۇن يولىغا سېلىش، كەڭ خەلققە پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپ ئورنىتىش، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى

ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

## قانۇن چىقىرىش

قانۇن چىقىرىش دېگەنلىك قانۇن تۈزۈش ياكى قانۇن ئىجاد قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈش، تۈزىتىش ياكى بىكار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت ئورگانلىرى قانۇندا بېكىتىلگەن ھوقۇق دائىرىسى ۋە تەرتىپكە ئاساسلىنىپ قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈش، تۈزىتىش ياكى بىكار قىلىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ماھىيىتى شۇكى، ھۆكۈمران سىنىپلار دۆلەت ئورگانلىرى ئارقىلىق ئۆز سىنىپىنىڭ ئىرادىسىنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرىدۇ. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، قانۇن چىقىرىش دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ باشقا ئورگانلىرىغا قانۇن تۈزۈش ھوقۇقىنى بېرىش پائالىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ: (1) قانۇن چىقىرىش بولسا قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەخسۇس پائالىيىتىدۇر. بىرىنچىدىن، دۆلەت ئورگانلىرى ئېلىپ بارىدىغان بۇ خىل پائالىيەتنى باشقا ھەر قانداق شەخس ياكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئېلىپ بارالمايدۇ. ئىككىنچىدىن، قانۇن چىقىرىش پائالىيىتىنى باشقا ھەر قانداق دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئېلىپ بارىدىغان ھەرىكەت ئەمەس، بەلكى پەقەتلا قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت ئورگانلىرىلا ئېلىپ بارالايدۇ. قايسى دۆلەت ئورگانلىرىدا قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنى بىلەن قانۇنلىرىدا بەلگىلەيدۇ. (2) قانۇن چىقىرىش بولسا قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قانۇندا بېكىتىلگەن تەرتىپ بويىچە مەخسۇس ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل پائالىيىتىدۇر. ھەر قانداق دۆلەتتە قانۇن چىقىرىش خالىغانچە ئېلىپ بېرىلمايدۇ، بەلكى مەلۇم تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ قانۇن چىقىرىش تەرتىپى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى دۆلەتلەر ئادەت بويىچە قانۇن چىقىرىدۇ. ئەمما كۆپ ساندىكىلىرى مەخسۇس بېكىتىلگەن قانۇن چىقىرىش تەرتىپى بويىچە قانۇن چىقىرىدۇ. (3) قانۇن چىقىرىش بولسا قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈش، تۈزىتىش ياكى بىكار قىلىش پائالىيىتىدۇر. قانۇن چىقىرىش دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ يېڭى يازما قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە قانۇن - نىزاملارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، ئۇنى تولۇقلاش ۋە بىكار قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر قانداق دۆلەتنىڭ تۈزگەن قانۇن - نىزاملىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە ياكى ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە ئەگىشىپ، قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت ئورگانلىرىمۇ قانۇن - نىزاملارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنى تولۇقلاپ ياكى بىكار قىلىپ تۇرىدۇ.

## قانۇن چىقىرىش پرىنسىپى

قانۇن چىقىرىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ياكى يېتەكچى فاكتورى قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق چىقىش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ پرىنسىپى مەلۇم نەزەرىيە، كۆز قاراشلارنى ئەكس ئەتتۈرۈش، مەلۇم ماددىي تۇرمۇش شارائىتى بىلەن مەلۇم سىنىپنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ تەلەپلەرنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ھەر قانداق بىر دۆلەت قانۇن تۈرغۈزغاندا چوقۇم مەلۇم پرىنسىپقا ئەمەل قىلىدۇ ۋە ئۇنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بىر دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش پرىنسىپى شۇ دۆلەت قانۇنى ماھىيىتىنىڭ مەركەزلىك گەۋدىلىنىشى. شۇڭا، ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئوخشاش بولمىغان، ماھىيىتى ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ قانۇن چىقىرىش پرىنسىپى ئوخشاش بولمايدۇ. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ قانۇنلىرىدا گەرچە ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكلىرى بولسىمۇ، لېكىن يەنە ئۇلارنىڭ ئوخشاش جايلىرى بار بولۇپ، ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى ئاساسلىق پرىنسىپ قىلىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنلىرىدا ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى خەلقنىڭ ئىرادىسى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. شۇڭلاشقا، مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇن چىقىرىش پرىنسىپلىرىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكلىرى بار: ① ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش پرىنسىپى. بۇ پرىنسىپ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ قائىدىلىرىدە چىڭ تۇرۇش، قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى ئىلمىي ماتېرىيالىزم ئاساسىدا قۇرۇش، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلىش، مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇنلىرىنى تۈزۈش ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ② پرىنسىپلىقلىق بىلەن جانلىقلىقنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى. مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەـ

لەتلىك دۆلەت، ھەر قايسى جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس. بۇ مۇرەككەپ شەكىل بىزدىن قانۇن چىقارغاندا پرىنسىپلىقلىق بىلەن جانلىقلىقنى بىرلەشتۈرۈش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. ③ بىر تۇتاش خاراكتېردىكى پرىنسىپ. مەركەزدىكى ۋە يەرلىكتىكى بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى تۈزگەن ھەر خىل ئۆلچەملىك ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى چوقۇم ئاساسىي قانۇن بىلەن بىر تۇتاش بولۇشى، ئاساسىي قانۇننىڭ ياكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى ماددىلارنىڭ تۈزۈلۈشى، ئۆزگەرتىلىشى ياكى بىكار قىلىنىشىغا ئەگىشىپ مۇناسىپ ھالدا تۈزۈلۈشى، ئۆزگەرتىلىشى ياكى بىكار قىلىنىشى لازىم. دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى چوقۇم ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى، ئۇنىڭدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى لازىم. ④ مۇقىملىق، ۋاقىتچانلىق بىلەن ئىزچىللىقنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى. قانۇننىڭ مۇقىملىقى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بىزنىڭ قانۇن چىقىرىشىمىزدا چوقۇم چىڭ تۇرىدىغان پرىنسىپىمىز ھېسابلىنىدۇ. ئەمما قانۇننىڭ مۇقىملىقى مۇتلەق، شەرتسىز بولمايدۇ، بەلكى نىسپىي، شەرتلىك بولىدۇ. ھەر قانداق قانۇن - نىزاملارنىڭ ھەممىسى چوقۇم سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ئەمەلىي ئەھۋاللارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، شۇڭا، دەل ۋاقتىدا قانۇن تۈزۈش، ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە ۋە ئۇنى بىكار قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. قانۇن تۈزۈش، ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى بىكار قىلىش جەريانىدا قانۇننىڭ ئىزچىللىقىغا دىققەت قىلىش لازىم، قانۇننى ئۈزۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. ⑤ مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلىش، مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇن چىقىرىش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەش ھەمدە مۇشۇ ئاساستا چەت ئەللەرنىڭ قانۇن چىقىرىش تەجرىبىلىرى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى.

## قانۇن چىقىرىش تەرتىپى

بۇ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ قانۇنلارنى ۋە باشقا قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى تۈزۈش، ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى بىكار قىلىش پائالىيەتلىرىدە چوقۇم ئەمەل قىلىدىغان قەدەم - باسقۇچ ۋە ئۇسۇلنى كۆرسىتىدۇ. مەملىكىتىمىزدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ قانۇن تۈزۈش، قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ياكى قانۇننى بىكار قىلىش تەرتىپى ئاساسەن مۇنداق بولىدۇ: ① قانۇن چىقىرىش توغرىسىدا تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇش. بۇ دېگەنلىك قانۇن چىقىرىش ھەققىدە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت ئورگانلىرى ۋە خادىملارنىڭ قانۇن چىقىرىدىغان ئورگانغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويىدىغان قانۇن تۈزۈش، ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ياكى ئۇنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپ ۋە تەۋسىيەلىرىنى كۆرسىتىدۇ. تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى دەسلەپكى قەدەمدە قاراپ چىقىپ، كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈش ياكى كىرگۈزمەسلىكنى قارار قىلىدۇ. ② تەكلىپلەرنى قاراپ چىقىش. بۇ دېگەنلىك قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ كۈندىلىك ئىشلار تەرتىپىگە كىرگۈزۈلگەن تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش ۋە مۇزاكىرە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ئادەتتە قانۇن چىقىرىش توغرىسىدىكى تەكلىپلەرنى قاراپ چىققاندا، ئالدى بىلەن قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئورگاندىن ياكى خادىملاردىن مەسئۇل خادىم ئاجرىتىپ ئومۇمىي يىغىنغا (مەسىلەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا، مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا) دوكلات قىلىدۇ، قانۇن لايىھەسىنىڭ ئاساسلىق روھى، قانۇن چىقىرىش ئاساسى ۋە مەزمۇنى قاتارلىقلار توغرىسىدا ئىزاھات بېرىدۇ، ئاندىن كېيىن ھەر خىل شەكىلدىكى يىغىنلار ئېچىلىپ قاراپ چىقىلىدۇ. ③ قانۇن لايىھەسىنى ئاۋازغا قويۇش ۋە ماقۇللاش. بۇ ئاۋازغا قويۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئورگانلار ۋە خادىملارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قانۇن لايىھەسىگە قوشۇلۇش، قارشى تۇرۇش ياكى ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش پوزىتسىيەسىنى شۇنىڭدەك قانۇندا بېكىتىلگەن ساندىن ئارتۇق ئادەملەرنىڭ قوشۇلغانلىق نەتىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. ④ قانۇننى ئېلان قىلىش. بۇ دۆلەت رەئىسىنىڭ ياكى قانۇن چىقىرىدىغان ئورگاننىڭ پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشقا پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن ماقۇللانغان قانۇننى مەلۇم شەكىل ئارقىلىق ئېلان قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. قانۇننى ئېلان قىلىش قانۇن كۈچكە ئىگە بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. قانۇن ماقۇللانغاندىن كېيىن ئېلان قىلىنمىسا قانۇن كۈچكە ئىگە بولالمايدۇ.

(داۋامى بار)

# يېزا خىزمىتىدىكى شەكىلۋازلىق ۋە ئۇنىڭ تەسىرى توغرىسىدا

◎ يالقۇنجان ياقۇپ ◎

قارىماققا يېزا خىزمىتى ئاددىي، ئاددەتتىكىدەك كۆرۈنگەن بىلەن چوڭقۇرلاپ كىرىدىغان بولساق ئۇنىڭغا ناھايىتىمۇ مۇرەككەپلىكنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. ئۇنىڭغا نوقۇل ئىشلەپچىقىرىش، چارۋىچىلىق خىزمىتى مۇجەسسەملەنگەن بولماستىن، بەلكى مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، پىلانلىق تۇغۇت، ئورمانچىلىق قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ خىزمىتى يېزا خىزمىتىگە چەمبەرچاس باغلانغان، يېزا خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقانلار ئەنە شۇ ھەر قايسى ساھەلەر خىزمىتى بىلەن ھەمىشە ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا پارتىيىنىڭ ھەر تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى پەقەت ئاشۇ يېزا خىزمەتلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنداق بولغاچقا يېزا خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقانلار ھەرگىزمۇ بىر كەسىپنىڭ ئەھلى بولۇپ قالماستىن، ھەر قايسى ساھەگە مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ئىمىر - مەرۇپلاردىن خەۋەر تېپىشى زۆرۈر. ئۇنداق بولمايدىكەن بىرى ئۆزىنىڭ شۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن بىمالال چىقىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ، يەنە بىرى ئۆزىنىڭ شۇ خىزمەتنى ئىشلەش جەريانىدىكى سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن نۇرغۇنلىغان زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى نورمال ئېلىپ بېرىشىغا پۇتلىكاشاڭ پەيدا قىلىپ قويىدۇ ھەتتا ئۆز نۆۋىتىدە دېھقانلار ئاممىسىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن ئىبارەت يۈكىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋېتىدۇ. نۆۋەتتە يېزا خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقانلارغا دىققەت قىلىدىغان بولساق مەيلى رەھبىرىي كادىرلار ياكى ئادەتتىكى كادىرلار بولسۇن ئۇلارنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىدا ئاز بولمىغان مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. بولۇپمۇ يېزا خىزمىتىدە ھەمىشە كۆرۈلىدىغان شەكىلۋازلىق، شەكىل قوغلىشىشنىڭ تولىمۇ گەۋدىلىك بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەم يېزا خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقانلارغا ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى، ھەم دېھقانلار ئاممىسىغا بەلگىلىك دەرىجىدە ئىقتىسادىي زىيان سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇيرۇق خاراكتېرلىك شەكىل قوغلىشىشنىڭ ئەۋج ئېلىشى ھەتتا بۇ خىل نامۇۋاپىق ئۇسۇلنىڭ ھاسىلاتى بولغان ساختا كۆرۈنۈش ئارقىلىق ئاتالمىش «ئالاھىدە نەتىجە» بىلەن دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىماي، يۇقىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان يامان خاھىشنى بارلىققا كەلتۈرمەكتە. نەتىجىدە يۇقىرى - تۆۋەنىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەرسىز قېلىپ، ئايرىملىقنى ئومۇملۇق دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، يېزىلاردا ئىشلىنىۋاتقان خىزمەتلەرگە ھەقىقىي باھا بېرىشتە بىر تەرەپلىمىلىك ئەھۋاللىرىنى پەيدا قىلىپ قويماقتا.

يېزىلاردا ئەۋج ئېلىۋاتقان شەكىۋازلىق شۇ دەرىجىدە يامراپ كەتكەنكى ئۇ مەلۇم ئىقتىسادىي تۆلەمنى ئاساس قىلىدىغان مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغان. مەسىلەن، مەلۇم ناھىيىنىڭ مەلۇم يېزىسىدا 1996 - يىلى چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئۆيى بارلارنىڭ ھويلا تېمىنى پىششىق خىش بىلەن بىر تۇتاش سالدۇرماقچى بولۇپ دېھقانلارنىڭ رايىغا، ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قارىماستىن مەجبۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ مەلۇم ۋاقىتنى بەلگىلەپ، شۇ ۋاقىت ئىچىدە پۈتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلالمىغانلاردىن 300 يۈەندىن ئارتۇق جەرىمانە ئالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا كەنت مەدەنىيەت ئۆيلىرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىدىغان چاغدا تۈرلۈك كىتاب - ژۇرناللارغا توشۇپ كەتسە، تەكشۈرۈش تۈگىگەندىن كېيىن ھەم ئۈن - تىنسىز يوقاپ كېتىۋاتقان ھەم يىللاپ ئىشىك ئېچىلماي كىتاب - ژۇرناللارنى توپا - چاڭغا باستۇرۇپ «ئۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز» دېگەن جەڭگىۋار ۋە پاساھەتلىك ۋەدىلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەن، خالاس. يۇقىرىدىن ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى كەلسىمۇ دائىم كۆرسىتىشكە ئادەتلىنىپ قالغان، مەبلەغ ۋە باشقا جەھەتلەردە ياردەم قىلىپ باشقا يەردىن پەرقلىق ۋە كۆرۈنەرلىك ياخشى بولغان يەرلەرنىلا كۆرسىتىپ، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن يېزا، كەنتكە نىسبەتەن ساختا، بىر تەرەپلىمە باھا بەرگۈزۈپ، تۆۋەنىنىڭ

ھەقىقىي ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قالدۇرغان. يۇقىرىدىن نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشتا قانداق پىلان ۋە چارە - تەدبىر بارلىقىنى سورىغاندا قەغەز يۈزىدە ئاساسەن باي بولۇشقا قاراپ ماڭغانلىقىنى ئېيتىپ، تەكشۈرگۈچىلەرنى خۇشال قىلسا، يەنىلا نامرات پېتى تۇرۇۋاتقانلارغا نىسبەتەن يۇقىرىغا ھەر تۈرلۈك پىلان - چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مەبلەغ تەلەپ قىلىپ، شۇ مەبلەغ ئەمەلىيلەشسە ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيدىغانلىقىنى تولىمۇ سەممىيلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن مەبلەغ ئەمەلىيلەشكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ دەل جايىغا ئىشلىتىلىشى يېتەرلىك بولمىغان. قىسقىسى، يېزا خىزمىتىدىكى ئەنە شۇنداق بۇيرۇق خاراكتېرلىك شەكىلۋازلىق ئىللەتلىرىنىڭ يوقۇملۇق كېسەلدەك يامراپ كېتىشى:

1. يېزا خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقانلارغا نىسبەتەن كۆپ ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. دېھقانلار ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى تەسىرگە ئۇچرىتىپ، تۇرمۇش تەڭپۇڭسىزلىقىنى پەيدا قىلغان. نەتىجىدە بىر قىسىم دېھقانلار ئاممىسى بىلەن كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلەۋاتقان يېزا كادىرلىرى، كەنت كادىرلىرى ئارىسىدا زىددىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان.

2. يېزا خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان كادىرلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويغان.

شەكىلۋازلىق قىلىشنى يېزىدىكى ئايرىم رەھبەرلەر توغرا دەپ قارىغاچقا، ئومۇمەن ئۇلارنىڭ چۈشۈرگەن بۇيرۇقلىرىغىمۇ شەكىلۋازلىقنىڭ پۇرىقى سىڭىپ كەتكەن. كەنتلەردە كونكرېت خىزمەت ئىشلەيدىغان يېزا كادىرلىرى بۇنىڭدىن بېسىم ھېس قىلغاچقا، ئۇلار شۇ خىزمەتكە خالىماي تۇرۇپ كىرىشكەچكە خىزمەت ئاكتىپچانلىقىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويغان. شۇڭا خىزمەتلەرنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئىشلەيدىغان ئادەت شەكىللەنگەن.

3. دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئېغىرلىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىۋەتكەن.

تۈرلۈك شەكىلۋازلىق ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن دېھقانلار ئۆزىنىڭ چەكلىك ئىقتىسادىنى كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىۋېلىشقا يېتىشتۈرەلمەي ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى نامراتلىق ئورنىنى ساقلاپ قالغان ھەتتا ئەسلىدىكى نامرات ھالىتىدىنمۇ بەتتەر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. نامراتلارغا يار- يۆلەك بولۇش پەقەت تەشۋىقاتتا تىلغا ئېلىنىپ ئەمەلىي خىزمەتلەردە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىلمىغان. قىسقىسى، پەقەت يۇقىرىنىڭ مەبلىغىگىلا تايىنىۋېلىپ، ئۆزلىرىدىكى بار ئىمكانىيەتلەرنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانماسلىقتەك ھالەت شەكىللەنگەن.

دېمەك، شەكىلۋازلىقنىڭ يېزا خىزمىتى ۋە دېھقانلارغا بەرگەن تەسىرى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان نۇقتىلاردا ئىپادىلىنىپ قالماستىن يەنە باشقا تەرەپلەردىمۇ يوق ئەمەس. بۇ يەنە ئۆزىمىزنىڭ كۆزىتىشىمىزگە باغلىق. شۇڭا ھەم كۆزدىتىپ، ھەم يۇقىرىقىدەك نۇقتىلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تۈپ نېگىز بولغان شەكىلۋازلىق ئىللەتلىرىنى قانداق قىلغاندا تۈگىتىپ، يېزا خىزمىتىنى كۆڭۈلدىكىدەك ۋە نەتىجىلىك ئىشلەپ، يېزىلارنىڭ جۈملىدىن كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ھەممىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە تارىخىي خاراكتېرلىك مەجبۇرىيىتى.

قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مائارىپ كومىتېتى
ئوقۇتۇش - تەتقىقات ئىشخانىسىدىن

(بېشى 58 - بەتتە)

ئەتراپتىكى دېھقانلار ئۇنى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىپ 12 يېپىلىق تىكتى. ئۇ دوختۇرخانىدا بىر ئايغا يېقىن داۋالىنىپ، ھاسا تاياق بىلەن ماڭالىغۇدەك بولۇپلا دوختۇرخانىدىن يېنىپ چىقتى. بۇنداق ئىشلار ئۇنى تاۋلاپ، ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. ئۇ ھەمىشە: «دېھقانلارنى خاتىرجەم قىلىش كېرەك، ئەگەر بىر يىل ئوۋغا چىقمىساق بىر تالاي قاۋان كۆپىيىدۇ، مۇشۇنداق كۆپەيسە ئۈچ، تۆت يىلغا بارماي يۇرتىمىزنى قاۋان بېسىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆپىيىپ دېھقان - چارۋىچىلارغا زىيان سېلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز لازىم» دەيدۇ.

ھەمەر ئوسمان ئوۋچىلىق ھاياتىدا مارالبېشى، يەكەن، مەكىت، يېزا ئىگىلىك 3 - شىسىنىڭ تۈەن - مەيدانلىرىدا 765 تىن ئارتۇق قاۋاننى يوقىتىپ، 110 مىڭ مودىن ئارتۇق بۇغداي، قوناق ۋە كېۋەز زىرائەتلىرىنىڭ، 38 مىڭدىن ئارتۇق چارۋىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالدى، ئالاقىدار ئورۇنلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم مۇكاپاتلاندى.

تۇرغۇنجان ئىمىن

ئاپتور مارالبېشى ئاناركۆل يېزىلىق پارتكومدىن

# قاۋاننى يوقىتىۋاتقان «ۋۇسۇڭ»

◎ تۇرغۇنجان ئىمىن ◎

«سۇ بويىدا» رومانىدا ۋۇسۇڭ ئىسىملىك بىر پالۋاننىڭ خېيىم - خەتەرگە قارىماي جېڭياڭ داۋىنىدا يولۋاس ئۆلتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنى يولۋاستىن ئىبارەت بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرغانلىقى توغرىسىدا بىر تەپسىلات بار. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاناركۆل يېزىسى قۇمبوغۇز 4 - كەنتىدىكى ھەمەر ئوسمان قاۋان (تۇڭگۇز) دىن ئىبارەت چوڭ بالا - قازانى يوقىتىشتا ياشلىق باھارىنى تەقدىم قىلغانلىقى ئۈچۈن كەڭ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قاۋاننى يوقاتقان ھازىرقى زامان «ۋۇسۇڭ» ى دەپ تەرىپلىشىگە ئېرىشتى.

ئوۋچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ھەمەر ئوسمان 1983 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئائىلىسىگە قايتقانىدى. ئۇ دادىسىغا ئەگىشىپ ئوۋچىلىق ماھارىتىنى ئۆگىنىش جەريانىدا قاۋاندىن ئىبارەت بۇ يىرتقۇچنىڭ قاراقېچىن جاڭگىلى، شالتاتقان توغراق جاڭگىلى، تۆمۈر مۇنار جاڭگىلى، شامال، ئاقساقمارال يېزىلىرىنىڭ قۇمبوغۇز 4 - كەنتى بىلەن چېگرىداش بولغان ئورمانلىقلاردا كۆپىيىپ، ئەۋلاد قالدۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى؛ چوڭراقلىرىنىڭ بىر قېتىمدا ئالتىدىن 10 غىچە كۈچۈكلەيدىغانلىقىنى؛ ئاساسلىقى قوي، ئۆچكىلەرگە زىيان سالىدىغانلىقىنى، قوناق، بۇغداي، كېۋەز قاتارلىقلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدىغانلىقىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. قاۋاننىڭ جاۋغىيىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۆت سانتىمېتىردىن 30 سانتىمېتىرغىچە قىرغۇچى چىشى بولىدىغانلىقىنى، ئۇنى ئوۋلاش ئۈچۈن زور ماھارەت، چاققانلىق ۋە كۈچ كېتىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۈچ يىلدىن ئارتۇق مەشق قىلىش ئارقىلىق مۇستەقىل ئوۋغا چىقالىغۇدەك سەۋىيىگە يەتتى. تۆت ئىتنى مەشق قىلدۇرۇپ تەربىيىلىدى، كۆندۈرۈلگەن ئىتلار قاۋاننى قوغلاپ، قاۋان ئالاقىزادە بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، نەيزىنى قاۋاننىڭ مېڭىسىگە ئۇرۇپ، ئۆلتۈرۈش ماھارىتىنى يېتىلدۈردى. ئۇ قوشنا يېزا - بازارلاردا ۋە يەكەن دەريا ۋادىلىرىدىمۇ قاۋان ئوۋلىدى.

1987 - يىلى 8 - ئايدا ئۇ يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئېلىشقۇ يېزىسىدا قاۋان پەيدا بولۇپ، 560 مودىن ئارتۇق قوناقنى قىرقىپ تاشلاپ، 130 دىن ئارتۇق چارۋىنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويغانلىقىنى ئاڭلاپ، بىر نەۋرە ئاكىسىنى باشلاپ، ئېلىشقۇغا باردى. ئۇ ئىز قوغلاش، كۆزىتىش، خەندەك كولاش ئارقىلىق ئىككى كۈندە بەش قاۋاننىڭ جېنىنى ئالدى. شۇ چاغدا يەرلىك دېھقانلار ئۇنى قوي سويۇپ مېھمان قىلىپ، ئالدىغا 1500 يۈەن پۇل قويغاندا، ئۇ: «ئوبدان مېھمان قىلدىڭلار، يەنە پۇل قويۇشۇڭلارنىڭ نېمە ھاجىتى، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز» دەپ پۇلنى ئېلىشنى رەت قىلدى.

1993 - يىلى شامال يېزىسىنىڭ ئورمانچىلىق مەيدانىدا قاۋان پەيدا بولۇپ، 400 مودىن ئارتۇق بۇغداي، قوناق ۋە كېۋەز زىرائەتلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتكەندە، مەيدان باشلىقى ئۇنى قاۋاننى يوقىتىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ ئاكىسىنىڭ ياردىمىدە ئۈچ كۈن جەڭ قىلىپ، ئۈچ چوڭ قاۋان ۋە ئۇنىڭ 15 كۈچۈكىنى بىراقلا يوقىتىدۇ. مەيدان باشلىقى خۇشال بولغان ھالدا ئۈچ قوي سويۇپ، ئاكا - ئۇكا ئەزىمەتلەرنى مېھمان قىلدى، بىر ئاخشام مەشرەپ ئويۇشتۇرۇپ بەردى.

ئۇ ئوۋچىلىق قىلىش جەريانىدا بىر قانچە قېتىم ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى، 1996 - يىلى 9 - ئايدا ئۇ قاۋاننىڭ كەنت سىرتىدىكى قوناقلارنى ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، قاۋاننىڭ ئىزىدىن قوغلىدى. كۈتۈلمىگەندە ۋەھشىي قاۋان ئورمان ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئاتنى ئۈركۈتۈپ، ھەمەرنى يىقىتىۋېتىدۇ، ھەمەر تەييارلىقسىز بولغاچقا قولىدىكى نەيزە چۈشۈپ كېتىپ، قاۋان ئۇنى پۇتلىرى ئارىسىغا ئېلىۋالىدۇ. بىر سائەتكە يېقىن ھايات - ماماتلىق تىركىشىش ئارقىلىق ئاخىرى ئۇ پىچىقىنى چىقىرىپ، قاۋاننىڭ يۈرىكىگە زەربە بىلەن ئۇرۇپ، ھوشسىزلاندۇرىدۇ، ئۆزىمۇ يارىلىنىدۇ. دوختۇرلار ئۇنىڭ سول يوتىسىنى سەككىز يېپلىق تىكىدۇ. ئۇ دوختۇرخانىدا 20 كۈندەك يېتىپ، داۋالىنىپ ساقىيىپ چىقىدۇ.

ئۇ يەنە 1998 - يىلى 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا سېرىقبۇيا، ئالاغىر يېزىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن قاۋان يوقىتىشقا باردى. ئۇ ئۇزۇن يىللىق ئوۋچىلىق تەجرىبىسىگە ئاساسەن كۆزىتىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندا چاتقاللىق ئارىسىغا موكۇپ ياتقان بىر چوڭ قاۋان ۋە ئۇنىڭ ئىككى كۈچۈكى تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭغا ئېتىلىدۇ، ئۇمۇ بوش كەلمەي ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ئېلىشىش ئارقىلىق ئىككى كۈچۈكىنى ئۆلتۈرۈپ، چوڭ قاۋاننى يېرىم ئۆلۈك قىلىدۇ. بىراق سول پۇتىنىڭ ئوشۇقىدىن قان سىرقىراپ ئاقماقتا ئىدى، ئۇ قاتتىق ئېچىشقا بەرداشلىق بېرىپ، ئورنىدىن تۇرغان بولسىمۇ، بىر چامداممۇ ماڭالمايدۇ، ئېلىشىش جەريانىدا چوڭ قاۋان ئۇنىڭ ئوشۇقىنى تېپىپ، سۆڭىكىنى كۆرسىتىپ قويغان بولۇپ، ئوشۇقى ئەسلىدىكى ئورنىدىن چىقىپ كەتكەنىدى. ئاكىسى ۋە قېرىنداشلىرى،

(داۋامى 57 - بەتتە)

# چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى

◎ تۆمۈر ھەسەن ◎

1. تەخمىنەن 150 - يىلى يۇنان سودىگەرلىرى شىنجاڭغا كەلگەن.

2. مىلادى 631 - يىلى پېرسىيە راھىبلىرى شىنجاڭ ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ دىن تارقاتقان.

3. مىلادى 845 - يىلى ئەرەب ئەلچىسى سالام 50 ئادەمنى باشلاپ سەمەرقەنت ئارقىلىق تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ ئاقسۇ، كۇچا، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

4. مىلادى 941 - يىلى سامانىلار سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ئىبنى مەخىر جۇڭگوغا ئەلچىلىككە كېلىش سەپىرىدىن شىنجاڭ ۋە جۇڭگونىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان «شەرققە ساياھەت» نى يېزىپ چىققان.

5. مىلادى 1246 - يىلى رۇس تۆرىلىرىدىن سىۋىرىس شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

6. مىلادى 1246 - يىلى پولشالىق بىنناكىت قاتارلىقلار تارباغاتاي رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، زور قىسمەتكە ئىگە بولغان ئەسەر يېزىپ چىققان.

7. مىلادى 1253 - يىلى بارتولو، مائۇس قاتارلىقلار شىنجاڭدا ئۇزۇن مۇددەت تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق سىرىسىنىڭ جۇڭگو ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.

8. مىلادى 1254 - يىلى ئەرمىنىيىلىك ھايتون شىمالىي شىنجاڭ، سەمەرقەنت، بۇخارا قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ دۆلىتىگە قايتقان.

9. مىلادى 1260 - يىلى ئىتالىيىلىك پولو ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن يىپەك يولى بىلەن خانبالىق (ھازىرقى بېيجىڭ) قا كېلىپ يەنە يىپەك يولى بىلەن دۆلىتىگە قايتقان.

10. مىلادى 1306 - يىلى توماس جۇڭگودىن دۆلىتىگە قايتىشىدا شىنجاڭ بىلەن ماڭغان.

11. مىلادى 1325 - يىلى ئوتتولىك بېيجىڭدىن دۆلىتىگە قايتىشىدا شىنجاڭنىڭ غەربىي - جەنۇبىي رايونى بىلەن ماڭغان.

12. مىلادى 1327 - يىلى بىرگىت باشچىلىقىدىكى سودا تەكشۈرۈش ئەترىتى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق 63 بابلىق زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە «سەپەرنامە» نى يازغان.

13. مىلادى 1338 - يىلى مارنىۋى قاتارلىقلار شىنجاڭ ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلاردا ئۈچ يىل تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغان.

14. مىلادى 1419 - يىلى 12 - ئايدا سۇلتان ئەخمەت باشچىلىقىدىكى پېرسىيە پادىشاھلىقىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى جۇڭگوغا كېلىش ۋە دۆلىتىگە قايتىش سەپىرىدە سەمەرقەنت، تاشكەنت، تۇرپان، قۇمۇل، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان.

15. مىلادى 1603 - يىلى ئوتتودىست يىپەك يولىنى بويلاپ يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنى ئايلانغان.

16. مىلادى 1654 - يىلى چارروسىيىنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى شىمالىي شىنجاڭ ۋە چىڭخەينى ئايلىنىپ بېيجىڭغا بارغان.

17. مىلادى 1710 - يىلى روسىيىلىك مادانوۋ شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا بارغان.

18. 1719 - يىلى روسىيىلىك شاۋۇبىي ئۇرۇسوۋ بىلەن شاۋۇبىي سوموۋ يەكەندە يەر ئاستى قېزىلما بايلىقلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

19. مىلادى 1720 - يىلى روسىيە گېنېرالى لىخالوف باشچىلىقىدىكى 440 نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىيلەر ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

20. مىلادى 1760 - يىلى روسىيىلىك سىنىگدىيوف ئالتاي قاتارلىق رايونلاردا ئالتۇن كان ئىزدىگەن.

21. مىلادى 1793 - يىلى روسىيىلىك بىئولوگ سىۋىرىس تارباغاتاي رايونىدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

22. مىلادى 1798 - يىلى روسىيىلىك شاۋۇبىي ئىبرايىموف ئۆزبېكىستاندىكى تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ يەكەنگە كەلگەن، كېيىن ياۋروپاغا قايتىپ ئۆزىنىڭ «سەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلغان.

23. مىلادى 1811 - يىلى روسىيىلىك تىلماچ پوگىنىشىف شىنجاڭدا زىيارەتتە بولغان ۋە دۆلىتىگە قايتىپ بۇ ھەقتە مەخسۇس ئەسەر يازغان.

24. مىلادى 1821 ـ يىلى روسىيىلىك سودىگەر بوبىننوف قەشقەرگە كەلگەن.

25. مىلادى 1824 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك سودىگەر موركىلات كەشمىردىن چىقىپ خوتەن قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭ توغرىسىدىكى ئەسىرىنى يېزىپ چىققان.

26. مىلادى 1824 ـ يىلى روسىيىلىك گېئوگراف خومبوۋد بىلەن رومانىنسوف جۇڭغار رايونىنى تەكشۈرۈپ، تەڭرى تېغى ئەتراپى ئاسىيا قىتئەسىنىڭ مەركىزى دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

27. مىلادى 1847 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئەنگلىيىلىك ھېنرى ستىرېچ بىلەن تومپسون ئەنگلىيە بىلەن ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان ۋە بۇ جايلاردىن يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىپ ئەنگلىيە خان جەمەتىنىڭ تەقدىرنامىسىگە ئېرىشكەن.

28. مىلادى 1856 ـ يىلى روسىيىلىك شاڭشياۋ خومتونىسكىي بىلەن گېنېرال شىۋرھېلىم ئىسسىق كۆل ئەتراپىنى تەكشۈرگەن.

29. مىلادى 1856 ـ يىلى روسىيىلىك گېئوگراف ۋە بىئولوگ سىميونوف تەڭرى تېغى، ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

30. مىلادى 1856 ـ يىلى روسىيىلىك سىركىنىك تارباغاتاي رايونىدا تەكشۈرۈشتە بولۇپ نۇرغۇن ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىۋالغان.

31. مىلادى 1857 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك ئاتكىنسون ئىلى رايونىدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

32. مىلادى 1857 ـ يىلى 7 ـ ئايدا روسىيىلىك ئاكا ـ ئۇكا ئادۇلوف، ھىرمان، رىبىرتلار يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.

33. مىلادى 1858 ـ يىلى روسىيىلىك شاڭۋېي كورونىسكىي باشچىلىقىدىكى روسىيە خانلىق گېئوگرافىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

34. مىلادى 1858 ـ يىلى روسىيىلىك شاۋۋېي ۋالىخوپنوف قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، ئىلى قاتارلىق رايونلاردا زىيارەتتە بولغان.

35. مىلادى 1863 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندىكى گېئودېزىيە خادىمى مونتگومېرىي شاڭۋېي تەربىيىلىگەن ھىندىستانلىق خامىد يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئۆلچەش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

36. مىلادى 1867 ـ يىلى روسىيىلىك ساۋرسوف باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

37. مىلادى 1867 ـ يىلى ئەنگلىيە ـ ھىندىستان گېئودېزىيە ئىدارىسى خادىمى جونسۇن خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئۆلچەش ـ سىزىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

38. مىلادى 1867 ـ يىلى 6 ـ ئايدا روسىيىلىك ئوستىن زاكىن باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

39. مىلادى 1868 ـ يىلى روسىيىلىك بولتوراتسكىي تەڭرى تېغىنىڭ غەربىدىكى مۇزلۇقتا تەكشۈرۈشتە بولغان.

40. مىلادى 1868 ـ يىلى روسىيىلىك ۋەلىخانوف قەشقەر رايونىدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

41. مىلادى 1868 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك رېينىستر قەشقەرنىڭ ھاۋا كىلىماتىنى ئۆلچىگەن.

42. مىلادى 1868 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەنگلىيىلىك خايۋارد يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش، ئۆلچەش ـ سىزىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان.

43. مىلادى 1869 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەنگلىيىلىك فورست باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت ئەلچىلەر ئۆمىكى كۇچا، تورپان، يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.

44. مىلادى 1872 ـ يىلى روسىيىلىك كاۋلبارس قاتارلىقلار قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئۆلچەش ـ سىزىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان.

45. مىلادى 1872 ـ يىلى روسىيىلىك مانوسوۋسكى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

46. مىلادى 1872 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك ئېلىيا جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا بېيجىڭدىن چىقىپ گەنسۇ، قۇمۇل، باركۆل، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي، ئىلى رايونى قاتارلىق جايلاردا ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش ۋە ئۆلچەشتە بولۇپ دۆلىتىگە قايتىپ خان جەمەتىنىڭ تەقدىرنامىسىگە ئېرىشكەن.

47. مىلادى 1873 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ۋېنگرىيىلىك بورزون قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.

48. مىلادى 1873 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەنگلىيىلىك شاڭشياۋ گوردون جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر قاتارلىق رايونلاردا ئۆلچەش ـ سىزىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان.

49. مىلادى 1873 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك شاڭۋېي تىروتتېر ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولغان.

50. مىلادى 1873 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەنگلىيىلىك شاڭۋېي بىددۇلى ئۆلچەش ـ سىزىش ئەترىتىنى باشلاپ ئاقسۇ، قىزىل مىڭئۆي، زەرەپشان دەرياسى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.

51. مىلادى 1873 ـ يىلى ۋېنگرىيىلىك ئىرقشۇناس پولو قەشقەردە ۋېنگرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

52. مىلادى 1873 ـ يىلى ئامېرىكىلىق سخويلېر ئىسسىق كۆل، ئىلى رايونىدا ساياھەت ۋە تەكشۈرۈشتە بولغان.

53. مىلادى 1875 ـ يىلى روسىيىلىك سوسوۋسكىي قاتارلىق

ئەلچىلەر ئۆمىكى بېيجىڭدىن چىقىپ خەنكۇ، خەن جۇڭ، شەنشى، قۇمۇل، باركۆل قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ ئورغۇن ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىۋالغان.

54. مىلادى 1875 - يىلى روسىيىلىك ئارخېئولوگ پرژىۋالىسكىي شىنجاڭنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئالتە قېتىمدىن ئارتۇق تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان.

55. مىلادى 1875 - يىلى روسىيىلىك گېئولوگ موسكوتوۋ پامىر، تارباغاتاي، ئىلى، تەڭرى تېغى قاتارلىق رايونلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.

56. مىلادى 1875 - يىلى روسىيىلىك بىئولوگ رېگىر ئىلى رايونى قاتارلىق جايلاردىن ئورغۇن ئۆسۈملۈكلەر ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىۋالغان.

57. مىلادى 1876 - يىلى روسىيىلىك كروپوتكىن قاتارلىقلار قەشقەر، مارالبېشى، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا، ئىسسىق كۆل قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.

58. مىلادى 1876 - يىلى روسىيىلىك زوئولوگ پونانىن ئالتاي، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.

59. مىلادى 1876 - يىلى روسىيىلىك بىئولوگ رېگىل ئىسسىق كۆل، ئىلى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.

60. مىلادى 1878 - يىلى 9 - ئايدا روسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى بىنفورف سودىگەرلەر ئۆمىكى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

61. مىلادى 1882 - يىلى روسىيىلىك گېنېرال مەجنىسكىي باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىلى دەرياسى رايونى، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.

62. مىلادى 1882 - يىلى ئەنگلىيىلىك بونۋولىت يېتەكچىلىكىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

63. مىلادى 1883 - يىلى سودىگەر دۆگىلىش باشچىلىقىدىكى سودا ئۆمىكى يەكەنگە كەلگەن ۋە يەكەندە 10 ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت تۇرۇپ سودا بىلەن شۇغۇللانغان.

64. مىلادى 1885 - يىلى 5 - ئايدا ئەنگلىيىلىك كېللېي باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى خوتەن، تارىم دەريالىرى، كېيىن كۇچا، كورلا، قاراشەھەر، قۇمۇل، تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان ۋە «جۇڭگو شىنجاڭ ساياھەتنامىسى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان.

65. مىلادى 1885 - يىلى روسىيىلىك گىرومونچېكىي قەشقەر ۋىلايىتى رايونىدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

66. مىلادى 1886 - يىلى فرانسىيىلىك بونۋولىت ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى قەشقەر قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولۇپ ھىندىستان ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتقان ۋە پارىژ جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن.

67. مىلادى 1886 - يىلى 4 - ئايدا ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى يوۋنگخۇسياد ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ بېيجىڭدىن چىقىپ جاڭجىياكو، قۇمۇل، تۇرپان، قاراشەھەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قەشقەر، يەكەن، تاشقورغان قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.

68. مىلادى 1887 - يىلى ئەنگلىيىلىك شاڭشياۋ بايىر بېيجىڭدىن چىقىپ لەنجۇ، باركۆل، ئۈرۈمچى، توقسۇن، قاراشەھەر، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەرلەردە تەكشۈرۈشتە بولغان.

69. مىلادى 1888 - يىلى ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى گرىگ ئەۋەتكەن شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

70. مىلادى 1890 - يىلى ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى دوتۋىلى باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

71. مىلادى 1892 - يىلى ئەنگلىيىلىك لىتلدال ئەر - ئايال باشچىلىقىدىكى جۇڭگونىڭ غەربىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى قەشقەر، لوپنور قاتارلىق رايونلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.

72. مىلادى 1893 - يىلى 6 - ئايدا ئەنگلىيىلىك ئېۋىر باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى جەنۇبىي شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

73. مىلادى 1894 - يىلى فرانسىيىلىك ماخېۋ خانىم قەشقەر، ئاقسۇ، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا ساياھەتتە بولغان.

74. مىلادى 1894 - يىلى شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېنخاۋد قەشقەر، مەكىت قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.

75. مىلادى 1895 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ سودا مۇخبىرى بىگام قەشقەر قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش، زىيارەتتە بولغان.

76. مىلادى 1896 - يىلى فرانسىيىلىك شابانىم شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا تەكشۈرۈشتە بولغاندىن كېيىن خېيلوڭجياڭدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

77. مىلادى 1898 - يىلى گېرمانىيىلىك گېئولوگ فېتتېرلىر قاتارلىقلار شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

78. مىلادى 1899 - يىلى فرانسىيىلىك بونىنگ بېيجىڭدىن چىقىپ يىپەك يولىنى بويلاپ شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

79. مىلادى 1900 - يىلى ۋېنگرىيىنىڭ ئالمارىس قاتارلىقلار ئىلى دەرياسى، تارىم دەرياسى قاتارلىق شىنجاڭدىكى ئاساسلىق دەريالار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

80. مىلادى 1902 - يىلى 8 - ئايدا ياپونىيىلىك داگۇگۇاڭدۇي جەنۇبىي شىنجاڭدىكى رايونلاردا تىل ۋە يېزىق ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

81. مىلادى 1902 - يىلى گېرمانىيىلىك مېدتىس روسىيە خان جەمەتىنىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەر، ئاقتۇ، يېڭىسار قاتارلىق رايونلاردا ئۆلچەش - سىزىش، رەسىمگە ئېلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

82. مىلادى 1903 - يىلى ئامېرىكىلىق گېئولوگ پومپالىي

باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى پامىر، تەڭرى تېغى قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرۈپ، ئاخىرى «مەركىزىي تۈركىستاننىڭ گېئولوگىيىسى بىلەن فىزىكىلىق جۇغراپىيىسى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى بىلەن «شىنجاڭنىڭ 2000 يىلى» ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرغان.

83. مىلادى 1903 - يىلى گېرمانىيىلىك ئارخېئولوگ گرېنۋېل قاتارلىقلار تۇرپان رايونىدا ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشتە بولغان.

84. مىلادى 1904 - يىلى گېرمانىيە شەرق تىلشۇناسلىق پروفېسسورىنىڭ ۋاكالەتچىسى گرېنۋېل باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

85. مىلادى 1905 - يىلى ياپونىيىلىك لىنچۇ شيەنسىلاڭ ئۈرۈمچى، ئىلى قاتارلىق رايونلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.

86. مىلادى 1905 - يىلى ئەنگىلىيىلىك گېئودىزىيە مۇتەخەسسىسى برۇتىس شىنجاڭدا ئۆلچەش - سىزىش بىلەن شۇغۇللانغان.

86. مىلادى 1905 - يىلى ئامېرىكىلىق گېئولوگ خونېتىڭتون خوتەن، چەرچەن، چاقىلىق، قاراشەھەر، تۇرپان، لوپنۇر قاتارلىق جايلاردا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولغان.

87. مىلادى 1905 - يىلى 8 - ئايدا روسىيىلىك پروفېسسور ئوبروچىف ئۆزىنىڭ ئىككى ئوغلى، ئىككى ئوقۇغۇچىسى بىلەن تارباغاتاي رايونىنى كۆزدىن كەچۈرگەن.

88. مىلادى 1906 - يىلى 1 - ئايدا ئەنگىلىيىلىك كونسۇل فرازېر جەنۇبىي ۋە شەرقىي شىنجاڭ رايونىدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

89. مىلادى 1906 - يىلى 8 - ئايدا فرانسىيىلىك جۇڭگوشۇناس پاۋلو باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى قەشقەر، مارالبېشى، ئاقسۇ، باي، كۇچا، قاراشەھەر، ئۈرۈمچى، تۇرپان، قۇمۇل، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولۇپ، 1000 خىلدىن ئارتۇق ئۆسۈملۈك، ھايۋاناتلار ئەۋرىشكىسى، خەنزۇچە، موڭغۇلچە، زاڭزۇچە، ئۇيغۇرچە نۇرغۇن قىممەت باھالىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلىپ كەتكەن.

90. مىلادى 1906 - يىلى 5 - ئايدا ئەنگىلىيىلىك ستېيىن ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ تاشقورغان، قەشقەر، خوتەن، چەرچەن، نىيە، مىرەن ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا ئاندىن يەنە قۇمۇل، تۇرپان، ئاقسۇ ۋە ئاخىرى قەشقەر ئارقىلىق ھىندىستانغا قايتقان ھەمدە «غەربىي يۇرت» ناملىق ئەسىرىنى يازغان.

91. مىلادى 1906 - يىلى 9 - ئايدا ياپونىيىلىك شاۋزورى يېچياڭ فىڭمىڭ شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىدە دېگۈدەك تەكشۈرۈشتە بولغان ھەمدە «ئىلىغا ساياھەت» دېگەن ئىككى جىلتلىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان.

92. مىلادى 1907 - يىلى 7 - ئايدا ئەنگىلىيىنىڭ شياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارى كلېمېنت شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

93. مىلادى 1908 - يىلى 6 - ئايدا ياپونىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى ئۈرۈمچى، تۇرپان، لوپنۇر، كىرورەن، چەرچەن، كېرىيە، خوتەن، قەشقەر قاتارلىق رايونلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.

94. مىلادى 1909 - يىلى ئەنگىلىيىلىك ستېيىن قەشقەر، ئىلى قاتارلىق رايونلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.

95. مىلادى 1910 - يىلى 11 - ئايدا ياپونىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.

96. مىلادى 1910 - يىلى گېرمانىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇمۇل، ماناس، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.

97. مىلادى 1912 - يىلى 7 - ئايدا ئىتالىيە ئالىمى فىلىپ قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا 16 ئاي تەكشۈرۈشتە بولغان.

98. مىلادى 1917 - يىلى ئەنگىلىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا تەكشۈرۈشتە بولغان.


99. مىلادى 1922 - يىلى 6 - ئايدا ئەنگىلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى سكرىن قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق رايونلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.

100. مىلادى 1926 - يىلى ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر شەرقشۇناسى لاتمور يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولۇپ «ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئىچىدىكى رايون» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

101. مىلادى 1926 - يىلى ئامېرىكىلىق موردىن باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغان.

102. مىلادى 1927 - يىلى 7 - ئايدا گېرمانىيىلىك گېئولوگ ترىنكلېر باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بولغان.

103. مىلادى 1946 - يىلى 11 - ئايدا ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پاكستون ئۈرۈمچىدە تۇرغان مەزگىلىدە ۋە 1949 - يىلى دۆلىتىگە قايتىش ئالدىدا ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق رايونلاردا تەكشۈرۈشتە بولغان.



# پۇقرالارنىڭ يېشى ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى

◎ خۇاڭ شىشيۇ ◎

دۆلىتىمىزدە پۇقرالار قانۇن ئالدىدا باپباراۋەر. ھەر قانداق پۇقرا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشى شەرت. پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى پۇقرالارنىڭ يېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قانۇندا بەلگىلەنگەن، پۇقرالارنىڭ يېشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار تۆۋەندىكىچە:

ئالتە ياش: بالىلار بەلگىلەنگەن ياش چەكلىمىسىدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك (مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنىنىڭ 5 ـ ماددىسى).

يەتتە ياش: ئالتە ياشقا توشقان بالىلار بەلگىلەنگەن ياش چەكلىمىسىدە مەجبۇرىيەت مائارىپىنى قوبۇل قىلىش شارائىتىنى ھازىرلىمىغان جايلاردا، ئۇنى يەتتە ياشقا سۈرۈشكە بولىدۇ (مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنىنىڭ 5 ـ ماددىسى).

10 ياشتىن تۆۋەن: 10 ياشقا توشمىغانلار ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارى بولمىغانلار ھېسابلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەق تەلەپ پائالىيەتلىرىنى ئۇلارنىڭ قانۇنىي ۋاكالەتچىلىرى ئۈستىگە ئالىدۇ (ھەق تەلەپ ئومۇمىي پرىنسىپىنىڭ 12 ـ ماددىسى).

10 ياشتىن يۇقىرىلار: 10 ياشتىن ئاشقان، قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلىنىدىغان ئادەم بولۇپ، ئۇلار ھەق تەلەپ پائالىيەتلىرىنى ياش ۋە ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتە ئۆزىگە ماس كېلىدىغانلار بىلەن بىللە ئېلىپ بارسا بولىدۇ؛ باشقا ھەق تەلەپ پائالىيەتلىرىگە ئۇنىڭ قانۇنىي ۋاكالەتچىسى ۋاكالەتلىك قىلسا بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ قانۇنىي ۋاكالەتچىسىدىن پىكىر ئېلىش كېرەك (ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي پرىنسىپىنىڭ 12 ـ ماددىسى).

13 — 18 ياش: مۇشۇ ياشتىكىلەر جىنايەت ئۆتكۈزسە تەربىيە بېرىلىدىغان ئۆسمۈر جىنايەتچى ھېسابلىنىدۇ (ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش نىزامىنىڭ 21 ـ ماددىسى).

14 ياشتىن تۆۋەن: بۇلاردىن ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپلىق قىلغانلىرى جازادىن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، ئەمما ئۇلارغا تەربىيە بېرىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى قاتتىق باشقۇرۇش، تەربىيە بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ (ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامىنىڭ 9 ـ ماددىسى).

14 — 18 ياش: بۇلاردىن ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپلىق قىلغانلىرى يېنىك جازالىنىدۇ (ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامىنىڭ 9 ـ ماددىسى). مۇشۇ ياشتىكىلەر جىنايەت ئۆتكۈزسە يېنىك جازالىنىدۇ ياكى جازا يېنىكلىتىلىدۇ (جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 17 ـ ماددىسى).

16 ياش: 16 ياشقا توشقانلار جىنايەت ئۆتكۈزسە، جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك (جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 17 ـ ماددىسى).

16 — 18 ياش: 16 ياشقا توشقان، 18 ياشقا توشمىغان ئەمگەكچىلەر قۇرامىغا يەتمىگەن ئەمگەكچى ھېسابلىنىپ، ئۇلار ئەمگەكتە ئالاھىدە قوغدىلىدۇ (ئەمگەك قانۇنىنىڭ 58 ـ ماددىسى). ئۆزىنىڭ ئەمگەك كىرىمىنى ئاساسلىق تۇرمۇش مەنبەسى قىلغانلىرى تولۇق ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە كىشى دەپ قارىلىدۇ (ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي پرىنسىپىنىڭ 11 ـ ماددىسى). جىنايەت ئۆتكۈزگەندە 18 ياشقا توشمىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەيدۇ (جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 49 ـ ماددىسى).

18 ياش: يېشى 18 گە توشقان پۇقرالار مىللىتى، ئىرقى، جىنسى، كەسپى، ئائىلە كېلىپ چىقىشى، دىنىي ئېتىقادى، بىلىم دەرىجىسى، مال ـ مۈلۈك ئەھۋالى ۋە ئولتۇراقلىشىش ۋاقتىغا قارىماي، سايلاش ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە، قانۇن بويىچە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار بۇنىڭ سىرتىدا (ئاساسىي قانۇنىنىڭ 34 ـ ماددىسى).

18 ياشتىن يۇقىرى: ئۇلار قۇرامىغا يەتكەنلەر ھېسابلىنىدۇ، ئۇلار تولۇق ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ھەق تەلەپ پائالىيىتىنى مۇستەقىل ئېلىپ بارسا بولىدۇ. دېمەك، ئۇلار تولۇق ھەق تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەردۇر (ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي پرىنسىپىنىڭ 11 ـ ماددىسى).

18 — 35 ياش: ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش شەرتىگە ئۇيغۇن بولغان ئەر پۇقرالار چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەندىن سىرت، ئادەتتىكى خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ زاپاس ئەسكەر بولىدۇ (ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش قانۇنىنىڭ 37 ـ ماددىسى).

20 ياش: ئايال پۇقرالارنىڭ ئەڭ تۆۋەن نىكاھلىنىش يېشى (نىكاھ قانۇنىنىڭ 5 ـ ماددىسى).

22 ياش: ئەر پۇقرالارنىڭ ئەڭ تۆۋەن نىكاھلىنىش يېشى (نىكاھ قانۇنىنىڭ 5 ـ ماددىسى).

23 ياشتىن يۇقىرى: سايلاش ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە پۇقرالار خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، خەلق زاسېداتېلى بولۇپ سايلانسا بولىدۇ ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى، سوتچى ۋە ياردەمچى سوتچى بولۇپ تەيىنلەنسە بولىدۇ، بىراق سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار بۇنىڭ سىرتىدا (خەلق سوت مەھكىمىلىرى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 34 ـ، 38 ـ ماددىسى).

35 ياش: ئەر پۇقرالار زاپاس ئەسكەرلىكتىن چېكىنىدۇ (ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش قانۇنىنىڭ 24 ـ ماددىسى).

36 — 45 ياش: ئەر پۇقرالار ئۇرۇش مەزگىلىدە پەۋقۇلئاددە ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە چاقىرىق بويىچە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيدۇ (ھەربىي مەجبۇرىيەت قانۇنىنىڭ 49 ـ ماددىسى).

45 ياشتىن يۇقىرى: سايلاش ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە پۇقرالار دۆلەتنىڭ رەئىسلىكىگە، مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانسا بولىدۇ (ئاساسىي قانۇنىنىڭ 79 ـ ماددىسى).

(ئەمەت توختى تەرجىمىسى)

# كۆڭۈللەر باھار بولسۇن كۆڭۈللەرگە

◎ باتۇرجان ئاتىخان (تاجىك) ◎

ھاياتنىڭ مەناسى شۇ مېھرىبانلىق،
ئۇنىڭسىز زىمىستان يار ئادەملەرگە.
يەكدىللىق يولغا تىكەن تېرىغانلىق،
كۆڭۈللەر باھار بولسۇن كۆڭۈللەرگە.

ئاشۇرار ھامان ئىنسان قىممىتىنى،
كۆيۈنۈش، دوستلۇق بىلەن ياخشى نىيەت.
بۇنىڭدىن قىلار باھار خىسلىتىنى،
نامايان تۇرمۇشتا ئۇ ئەبەد - ئەبەد.

# پەرزەنتىنىڭ بۇرچىدۇر شۇنداق مۇقەددەس

ھۆرمەتلە داداڭنى، ئىززەتلە ئەي زات،
مۇكچەيگەن ئەمەسمۇ ئۇ سېنى بېقىپ.
سەن ئۈچۈن يارىتىپ باھادىر ھايات،
چوڭ قىلدى ئەمەسمۇ باغرىغا بېسىپ.

ئۇ ئاشتى يەتمىشتىن ماغدار مۇدۇرۇپ،
ھاسا بول، يۆلەپ قوي تۇرغىن يېنىدا.
سەنمۇ ھەم قېرىيسەن بىر كۈن، يىل ئۆتۈپ،
چۈنكى بۇ قانۇنىيەت ئۆمۈر يولىدا.

ئۇ ساتتى سېنى دەپ تالاي نەرسىنى،
ئوقۇتتى بىر ئوبدان، قىلدى مائاشلىق.
ئۆيلەندى ئادا قىپ يەنە قەرزىنى،
ئۆي سالدى سەن ئۈچۈن ئايۋان - سارايلىق.

«داداڭغا قىلغىنىڭ بالاڭدىن يانار»
دېگەن گەپ بار ھامان قەدىمدىن بۇيان.
سەن قىلساڭ نېمىنى بالاڭمۇ قىلار،
قالدۇرغىن سەنمۇ ھەم ئۆزۈڭگە ئىمكان.

سەنچۇ، سەن بۇنىڭغا بولدۇڭمۇ رازى،
بولمىدىڭ، ئەكسىنچە بەردىڭسەن ئازار.
بىلەمسەن، دادا ئۇ ئوغلانىنىڭ يازى،
بىلەمسەن، ئۇ شۇنداق بەرنا - غەمگۇزار.

شۇ سەۋەب قىلدىمەن ساڭا نەسىھەت،
ئۆزۈڭمۇ بۇنىڭكى سىرتىدا ئەمەس.
ئاتا ۋە ئانىنى ئۇلۇغلاش ئەبەد،
پەرزەنتىنىڭ بۇرچىدۇر شۇنداق مۇقەددەس.

# مەن سەھراغا تاشلىدىم قەدەم

مەن سەھراغا تاشلىدىم قەدەم،
ئەمدى ئۇندا تارتىمەن يىلتىز.
سىرداشلىرىم دېھقاندۇر - دېھقان،
جەڭ مەيدانىم كەڭ كەتكەن ئېتىز.

ھوقۇق، ئەمەل ھەممىسى بىكار،
نەپ بېرىشىم زۆرۈردۇر ئەلگە.
ئىشلىرىمدىن يارالسا ئۇتۇق،
شۇدۇر تارتۇق ئاتا ۋەتەنگە.

مەن سەھراغا تاشلىدىم قەدەم،
گۈزەل روھنى قەلبىمگە پۈكۈپ.
خەير دوستلار، خەيرى ئىشخانا،
ماڭدىم خۇشال جەڭگە ئاتلىنىپ.

# «ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكىدىن 666»
# سىزنىڭ ئەڭ ياخشى ياردەمچىڭىز بولالايدۇ

## تېخنىكا ئۆگىنىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش يولىنى ئېچىڭ

بىر تامچە سىياھ مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىلەرنى ئويغا سالىدۇ. بىر پارچە ياخشى كىتاب سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

«ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكىدىن 666» ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، يۇقىرى تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى، شىنجاڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەركىزى ۋە شىنجاڭ كەسپىي تېخنىكا مائارىپ مۇلازىمەت مەركىزىدىكى پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا تەرجىمە - تەھرىر كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزگەن چوڭ تىپتىكى قامۇس. تاللانغان ماتېرىياللار ھەممە ساھەدىكى ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ھۈنەر - سەنئەتتىن تاللاپ ئېلىنغان ئەڭ ياخشى بىرىكمىدىن قۇراشتۇرۇلغان بولۇپ، ماتېرىيالغا ئاساسلىنىپ ئۆزى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغىلى بولىدۇ. تاللانغان تۈرلەرگە مەبلەغ ئاز كېتىدۇ، ئىشلەش ئاسان؛ تېز ئۈنۈم بېرىش، قوللىنىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئەڭ ياخشى ئىشلىتىش قىممىتىگە ۋە ساقلاش قىممىتىگە ئىگە. بۇ كىتاب سىزنىڭ غەلىبە قىلىشىڭىز ۋە بېيىشىڭىزدىكى «گۆھەر» گە ئايلانغۇسى.

ھازىر بۇ كىتاب نەشىردىن چىقتى، مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن باھاسى 280 يۈەن، توپ تەمىنلەش 230/60 يۈەن، ئادەم ئەۋەتىپ ياكى خەت ئارقىلىق سېتىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئالاقىلەشكۈچى: خاسىيەت، چېن چېڭ
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2856102
فاكس: [illegible]
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر ئىتتىپاق يولى 50 - نومۇر، 2- قەۋەت






مۇقاۋىنى بېي فېڭ لايىھىلىگەن



باھار

تەن چېڭجۇن فوتوسى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 1166/D پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 34 - 58
ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى 01005433 باھاسى 2.40 يۈەن